دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر

# كلاۋسېۋىتز

*Clausewitz*

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر
كلاۋسېۋىتز
شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئۆگەن كىتابچىلىقى
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

ISBN 978-7-5469-8338-7
9 787546 983387
定价: 20.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۈيۈكلەردىن ئۆگىنىپ، بۈيۈكلەردىن بولايلى
— يېڭى ئەسىردىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە تەقدىم



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر



*Clausewitz*

# كلاۋشېۋىتز

تۈزگۈچى: ۋۇ ئېن
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرەئوپ ئېلى

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب خەيتيەن نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据海天出版社1997年10月第1版,第1次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**قايتا تەكشۈرگۈچى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** دىلنۇر ئابدۇراخمان
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئۆگەن كىتابچىلىقى
**باسما مەسئۇلى:** ليۇ ۋېيبو

# دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر

# كىلاۋسېۋىز

**تۈزگۈچى:** ۋۇ ئېن
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئابدۇرەئۇپ ئېلى

---

**نەشرىيات:** شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ ئۆگەن كىتاب تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 4.75
**نەشرى:** 2016 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-8338-7
**باھاسى:** 20.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com



«‹ئۇرۇش — سىياسىينىڭ باشقا بىر خىل ۋاستە بىلەن داۋاملىشىشى› — بۇ ھەربىي ئىشلارغا كامىل يازغۇچى كىلاۋسېۋىتز ئېيتقان مەشھۇر ھېكمەتلىك سۆز.»

— لېنىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

«ئۇرۇش — سىياسىينىڭ باشقا بىر خىل ۋاسىتە ئارقىلىق داۋاملىشىشىدۇر...» دېگەن بۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى ھېكمەتلىك سۆزنى كۆپىنچە ئادەملەر بىلىسمۇ، لېكىن بۇ سۆزنى كىمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، قايسى ئەسەردە دېيىلگەنلىكىنى كۆپلىگەن ئادەملەر ئېنىق بىلمەسلىكى مۇمكىن.

كارل فون كىلاۋسېۋىز XIX ئەسىردىكى ئېشتاب پادىشاھلىقىنىڭ مەشھۇر ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەچىسى، بۇرژۇئا ھەربىي ئىشلار ئىدىيەسى سىستېمىسىنىڭ ئاساسچىسى. «ئۇرۇش توغرىسىدا» — كىلاۋسېۋىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئەربابلار قاتارىدا قويۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتقان ھەمدە ئۇنى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئۇلۇغ ئەسەر. ئۇ بۇ ئەسىرىدە تەپسىلىي ۋە ھەقىقىي ماتېرىيال ھەم قايىل قىلارلىق مەنتىقە ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى جانلىق تۇردە ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش قىلىش بايان قىلىنغان ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە ئەمەلىي پەلسەپە ۋە دىيالېكتىكىلىق پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆز «ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنىڭ 1 ـ بۆلۈم I بابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

كىلاۋسېۋىز 1780 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ماگدېبۇرگقا يېقىن جايدىكى بۇرگېس بازىرىدا بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسى باجگىر ئىدى.

1792 ـ يىلى تېخى 12 ياشقا توشمىغان كىلاۋسېۋىزنى دادىسى پوتسدامغا ئېلىپ بېرىپ، شاھزادە فېردىناندنىڭ پولكىدا مىلادشى سېرژانت بولۇشقا تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ تەڭ ياشتىكى باللار تېخى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوينىدا يايراپ ئويناپ يۈرگەن چاغدىلا، ئىشتاب ئارمىيەسىگە كىرىپ ئۆزىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەربىي تۇرمۇشىنى باشلىدى. 1793 ـ يىلى ئىشتاب ئارمىيەسى بىلەن فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي ئارمىيەسى ئۇرۇش قىلغاندا، توماينس شەھىرىنى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. 1795 ـ يىلى ئۇ مىلادشى لېيتېناتلىققا ئۆستۈرۈلدى. كۆزدە كىلاۋسېۋىز بېرلىندىكى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ساۋېنھوست ئىشتاب گېنېرالى بولۇپ، مەشھۇر ھەربىي ئالىم ئىدى. كىلاۋسېۋىز تىرىشچان، نەتىجىسى ئەلا بولغاچقا، ساۋېنھوست ئۇنى ناھايىتى قەدىرلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياش ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتە پەرق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. كىلاۋسېۋىزنىڭ ئىدىيەسى ۋە كېيىنكى پائالىيەتلىرى بۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغان.

1803 ـ يىلى ئەتىيازدا كىلاۋسېۋىز ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ساۋېنھوستنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شاھزادە ئاۋگۇستۇسنىڭ ئاديۇتانتى بولدى. شۇ يىلى، كىلاۋسېۋىز كېيىن ئۆزىنىڭ خوتۇنى بولغان ئاقسۆڭەك خېنىم مارى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

1804 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ناپولېئون ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزگەرتىپ، فىرانسىيەنى ئىمپېرىيە دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى ناپولېئون I دەپ ئاتىدى ھەمدە شۇ يىلى سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. 1806 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئىشتاب ـ فىرانسىيە ئارمىيەلىرى يېنادا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. ئىشتاب ئارمىيەسى مەغلۇپ بولدى، كلاۋسېۋىز فىرانسىيە ئارمىيەسىگە ئەسىرگە چۈشتى.

1807 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كلاۋسېۋىز قويۇپ بېرىلدى. 1810 ـ يىلى كۈزدە كلاۋسېۋىز بېرلىن ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولدى ھەمدە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى گىراف ھىللۇرنىڭ قىزى مارى بىلەن توي قىلدى.

1812 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كلاۋسېۋىز ئىشتاب ـ فىرانسىيە ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، رۇسىيەگە بېرىپ سمولېنسكىنى تالىشىش ئۇرۇشى، بورودىنو ھەل قىلغۇچ جېڭىگە قاتنىشىپ، رۇسىيە قوشۇنىدا ئىشتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 1813 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كلاۋسېۋىز ئارمىيە بىلەن بىللە فىرانسىيە ئارمىيەسىگە قوغلاپ زەربە بېرىپ بېرلىنغا كەلدى. كېيىن يەنە ئىشتاب ئارمىيەسىگە قايتىپ 3 ـ كورپۇسنىڭ ئىشتاب باشلىقى بولدى ھەمدە فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا دائىر تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۇرۇش نەزەرىيەسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

1818 ـ يىلى كلاۋسېۋىز بېرلىن ھەربىي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولدى ھەمدە گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ مۇدىر بولغان 12 يىلدا، پۈتكۈل زېھنىي قۇۋۋىتىنى ھەربىي ئىشلار پەن تەتقىقات ساھەسىگە قاراتتى. ئۇ ئۆزى قاتناشقان بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن باشقا يەنە 130 نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن ئوبزور ـ ماقالىلەرنى يازدى.

1830 ـ يىلى كىلاۋسېۋىز 2 ـ توپچى ئەسكەرلەر قىسمىنىڭ باش تەپتىش بۆلۈمىدە باش مۇپەتتىش بولدى.

1831 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، كىلاۋسېۋىز خولېرا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خوتۇنى مارى ئۇنىڭ ئەسىرىنى رەتلەپ نەشىر قىلدۇردى.

كىلاۋسېۋىز مول تەجرىبىگە ئىگە بولغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇرۇش تارىخىغا دائىر زور مىقداردىكى ماتېرىياللارنى توپلىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىي ئىشلارغا دائىر نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە يەنە پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلدى، ئۇ ئۇرۇش نەزەرىيەسى ئۈستىدە دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئىزدىنىپ، ئادەتتىكى ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئۇرۇش قىلىشنىڭ بىر قاتار پىرىنسىپلىرىنى كەڭ دائىرىدا، مۇئەييەن دەرىجىدە ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن پىكىرلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ توغرا بولۇپ چىقتى. كىلاۋسېۋىزنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىدىيەسىدە يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش خاھىشى ۋە ئىسلاھات روھى ئىپادىلەنگەن. «ئۇرۇش توغرىسىدا» بۇرژۇئا ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەسىگە دائىر كىلاسسىك ئەسەر، شۇنداقلا دۇنيا ھەربىي ئىشلار ئىدىيەسى تەرەققىيات تارىخىدىكى شانلىق نامايەندە.

1858 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئېنگېلس ماركسقا يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن ھازىر كىلاۋسېۋىزنىڭ ‹ئۇرۇش توغرىسىدا› دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇۋاتىمەن. بۇ ئەسەردىكى پەلسەپە قائىدىلىرى بويىچە تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى تولىمۇ غەلىتە ئىكەن، لېكىن بۇ كىتاب ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن.» لېنىن 1915 ـ يىلى «ئۇرۇش توغرىسىدا»نى تەتقىق قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۈزۈندى ئېلىپ دېگەن ئەسەر ئىزاھات بەرگەن. ئۇ كىلاۋسېۋىزنىڭ ئۇرۇش بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كىلاۋسېۋىز تارىخىي ماتېرىيالىزمچى ئەمەس، ئۇنىڭ دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇلىمۇ ئۈزۈل - كېسىل دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇل ئەمەس. ئۇ ئۇرۇش بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. لېكىن، ئۇرۇشنىڭ ئىقتىساد ۋە سىنىپىي كۈرەش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرەلمىگەن. ئۇ روھىي كۈچنىڭ ئۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى ئۆتتۈرىغا قويغان. ئەمما، ئۇ ئۇرۇشنىڭ ھەققانىي ياكى ھەققانىي ئەمەسلىكىنى، يەنى خەلق رايىنىڭ قايتىشىنىڭ ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەن. ئۇنىڭ بەزى كۆزقاراشلىرىنىڭ ھازىر ۋاقتى ئۆتتى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن كىتاب مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەسەر. كىلاۋسېۋىزمۇ تارىختا زور رول ئوينىغان مەشھۇر ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەچىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

كىلاۋسېۋىز نامرات بالا مىلادىشى سىرزانتلىقتىن دۇنياغا مەشھۇر ھەربىي ئىشلار مۇتەپەككۇرىغا ئايلىنىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن يوللار ئوقۇرمەنلەردە كۆپلەپ پايدىلىق تەسىر پەيدا قىلغۇسى.

**فېي يەن**

1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

شاڭخەي جېنبېي كوچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

1. 12 ياشلىق مىلادشى سىپرژانت ........................ 1
2. مايىنىسنى قورشاش ئۇرۇشى ......................... 7
3. كاندىدات ئوفىتسېرلىققا ئۆسۈش ........... 13
4. ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇرۇش ............. 18
5. مارى خېنىم بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش ...... 25
6. فىرانسىيە ئارمىيەسىگە ئەسىرگە چۈشۈش ............ 31
7. ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان كۈنلەر ............ 38
8. ئىسلاھات ئىشلىرىغا قاتنىشىش ................ 43
9. باش ئىشتابقا بېرىپ خىزمەت قىلىش ............. 49
10. ئاۋستىرىيە ئارمىيەسىگە بېرىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قارارىغا كېلىش ........................ 56
11. كۆڭلىدىكى كىشىسى بىلەن ئائىلە قۇرۇش ............ 62
12. رۇسىيەگە سەپەر ................................. 68
13. قورال ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش ............. 74
14. بورودىنو ھەل قىلغۇچ جېڭى ...................... 80
15. ناپولېئونغا قوغلاپ زەربە بېرىش ................ 86
16. «تاۋروگېن كېلىشىمى» تۈزۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ................................ 91
17. شەرەپ بىلەن بېرلىنغا قايتىش ................. 98
18. ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىش .................. 103

19. يېقىن دوستىدىن ھەسرەت ئىچىدە ئايرىلىش .......... 107
20. رۇسىيە ـ گېرمانىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىدە ئىشتاب
باشلىقى بولۇش .......................... 111
21. پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ 3 ـ كورپۇسىدا ئىشتاب
باشلىقى بولۇش .......................... 115
22. ناپولېئوننى مەغلۇپ قىلىش .................. 119
23. ئەڭ ياش گېنېرال .......................... 123
24. پانىي ئالەم بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىش ............... 126
25. ئۆلمەس ئەسەر «ئۇرۇش توغرىسىدا» ............... 135

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## 1. 12 ياشلىق مىلادشى سېرژانت

كارل فىلىپ گوتفرېد فون كىلاۋسېۋىز 1780 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى باجگىر ئىدى.

كىلاۋسېۋىزنىڭ بوۋىسى ھاللېدا تېئولوگىيە پىروفېسسورى بولۇپ، بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، مومىسى ياش قالغاچقا، ئىشتابلىق مايور فون خۇنتېرغا ياتلىق بولغان. فرېدرىخ گاھلېر كىلاۋسېۋىز مۇشۇ ئايالنىڭ ئالدىنقى ئېرىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. ئۇ كېيىن ھەربىي ساھەگە كىرگەن ھەمدە ئوخشاش فامىلىلىك سىلېزىيەلىك بىر ئاقسۆڭەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئاقسۆڭەك نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇ يەتتە يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا فرېدرىخ II نىڭ ئارمىيەسىدە مىلادشى لېيتېنانت بولغان، كولبېرگ ئەتراپىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا يارىلىنىپ مېيىپ بولۇپ قالغاچقا، ھەربىي ۋەزىپىسى بىكار قىلىنغان، كېيىن ماگدېبۇرگقا يېقىن جايدىكى بۇرك دېگەن كىچىك شەھەردە تەمىناتى ناھايىتى ئاز باجگىر بولغان.

كارل فون كىلاۋسېۋىز ئاشۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ھەمدە شۇ يەردە شەھەرلىك مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ پەقەت دەسلەپكى ساۋاتىنىلا ئىگە بولۇپ، ئاز ـ تولا لاتىنچە سۆزلەرنى ئۆگەنگەن. دادىسى ئۇنىڭ سەمىمىي، كەمتەر پەزىلەتكە ۋە ھەربىيلەرگە خاس مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بولۇشىغا كۆڭۈل

بۆلگەندىن باشقا، ئۇنىڭ يېتەرلىك تەربىيە ئېلىشىغا تازا يول قويمىغان.

فىرىدرىخنىڭ مائاشى ئاران 300 تالېر[1] بولۇپ، بۇ پۇل بىلەن ئائىلىسىدىكى سەككىز جاننى بېقىش تولىمۇ تەسكە توختايتتى. بالىلىرىنى تويغۇدەك تاماق ۋە ياخشى تەربىيە ئېلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەشكە تېخىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. ئۇ بالىلىرىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلاپ، ئۈچ ئوغلىنى ھەربىي سەپكە ئەۋەتىپ بەردى. تۆت قېرىنداشنىڭ ئەڭ كىچىكى كارل بولۇپ، ئۇ تېخى 12 ياشقا توشماي تۇرۇپلا، دادىسى ئۇنى پوتسدامغا ئېلىپ بېرىپ شاھزادە فېردىناندنىڭ پولكىدا مىلادشى سېرژانت[2] بولۇشقا تاپشۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاكىسى ۋىلىلئام پولكتا مىلادشى لېيتېنانت ئىدى.

كارل بىلەن تەڭ ياشتىكى بالىلار قىن - قىنىغا پاتماي ئوينىشىپ، غەم - ئەندىشىسىز ھالدا ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا، ئۇ پىرۇسسىيە ئارمىيەسى سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ باشقا ئۆسمۈرلەر ئويۇن دەپ قارىغان ئىشلارغا ھايات - ماماتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشتەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ئۆز تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويۇپلا، شەرتسىز بويسۇنۇش ۋە قاتتىق تەلىم - تەربىيەگە دۇچ كەلدى. ئۇ تېخى بالا بولسىمۇ، ھەربىي تۇرمۇش ئۇنىڭغا خۇددى يېتىلگەن ئادەملەرگە ئوخشاشلا ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش تەلىپىنى قويدى.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ پوتسدامدىكى ئاشۇ بىر مەزگىللىك تۇرمۇشنى ئەسكە ئالغىنىدا ئۇنىڭ قەلبى ھەسرەتكە تولاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ياشلىقى ئاشۇ يىللاردا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

كارل فون كىلاۋسېۋىز ئارمىيەگە قاتناشقان ۋاقىت دەل

---

① گېرمانىيەنىڭ ئىلگىرىكى پۇلى، بىر تالېر تەخمىنەن ئۈچ ماركقا تەڭ.

② 1808 - يىلدىن ئىلگىرىكى پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ بىر خىل ئەمەل نامى.

www.uygurkitap.com

فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ بوران ـ چاپقۇنى پۈتكۈل ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنى قاپلىغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى. 1792 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، فىرانسىيە مىللىي ئۇيۇشمىسى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى ئېلان قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي لۇئى XVI ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

ياۋروپادىكى ئىلگىرى ئۆزئارا دۈشمەنلەشكەن بەزى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئىنقىلابتىن قورقۇپ، فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئۇجۇقتۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈردى. ئەنگلىيە، گوللاندىيە، ئىسپانىيە، ئاۋستىرىيە، پىرۇسسىيە ۋە چاررۇسىيە تۈنجى قېتىم فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزدى.

دەسلەپتە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيەسى ھەرقايسى سەپلەردە غەلىبە قازىنىپ، رېين دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سەپنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتتى. لېكىن، ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى، فىرانسىيە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيەنى رېين دەرياسىنىڭ بويىغا قوغلىۋەتتى.

فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي ئارمىيەسى دۈشمەننى قوغلاپ زەربە بېرىپ مەغلۇپ قىلىپ، 1792 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پىرۇسسىيە تەۋەسىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل، بايلىقى مول ماينىس شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. شەھەردىكى ئاقسۆڭەك ۋە ئەمەلدارلار چاكارلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ئەمما، پۇقرالار مىللىي ئارمىيەنىڭ يالدۇرراق يېتىپ كېلىشىنى تەشنا كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

ماينىس شەھىرىدىكى ئەركىنلىك خۇمار كىشىلەر پىرۇسسىيە تۇپرىقىدا فىرانسىيە ئىنقىلابىي پىرىنسىپىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئارزۇ قىلىشماقتا ئىدى.

لېكىن، پىرۇسسىيەدە ئازراقمۇ ئۈمىدنى كۆرگىلى بولمايتتى. نۇرغۇن ماينىسلىقلار مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۆزلىرىگە فىرانسىيەلىكلەرنىڭ قېرىندىشىدەك مۇئامىلە قىلىشىنى ۋە ئۆزلىرىنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلىشاتتى.

1793 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ماينىس شەھىرى فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى.

ماينىستىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتىن پىرۇسسىيە ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيتتى. 1793 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پىرۇسسىيە پادىشاھى 85 مىڭ ئادىمى بار پىرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىگە ۋە جېنىدىن تويغان 6000 قۇلاقكەستىدىن تەشكىللەنگەن ئاتلىق كورپۇسقا قوماندانلىق قىلىپ، ماينىس شەھىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن مېڭىپ رېين دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇ قورغان شەھەرگە ئاتلىنىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ خىللانغان 20 مىڭ ئەسكىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

ئەتىياز يېتىپ كەلدى. تاۋۇر تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رېين دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان مېۋىلىك باغلار ئاپئاق چېچەككە پۈركەنگەنىدى. سۇس يېشىل ۋە قوڭغۇر رەڭ ئېتىزلار چېچەكلەر ئارىسىنى زىننەتلىگەنىدى. 4 ـ ئايدىكى باھار شامىلى يۈزلەرنى ئىللىق سىيپاپ ئۆتەتتى، ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى. پىرۇسسىيە ئەسكەرلىرى كىيىۋالغان قىزىل ـ كۆك ئارىلاش ھەربىي فورمىنى خېلى يىراقتىن ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش مانا مۇشۇ يەردىن باشلاندى.

شاھزادە فېردىناند قوماندانلىقىدىكى قىسىم ماينىس شەھىرىگە كىرىدىغان يولدا كېتىپ باراتتى. 2 ـ باتالىيون 1 ـ رۇتىنىڭ رەت بېشىدا ئورۇق، ئېگىز بىر ئۆسمۈر بولۇپ، ئۇ بايراقچىغا ياندىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئاقۇچ چىرايىدىن

ئويغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitab.com

ھېچقانداق بالىلىق چىقمايتتى، ئۇيدا ئاقارتىلغان يالغان ئاق چېچى كەڭ ھەم پارقىراق پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى، ئۇ بېشىغا ئۈچ قىرلىق ھەربىيچە بۆك كىيىۋالغان بولۇپ، ئاشۇ قاۋۇل جەڭچىلەر ئارىسىدا كۆزگە بۆلەكچىلا تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ دەل كارل فون كىلاۋسېۋىز، يەنى تېخى 13 ياشقا توشمىغان مىلادشى سېرژانت ئىدى.

مىلادشى سېرژانتنىڭ ۋەزىپىسى پولك يولغا چىققاندا بايراق كۆتۈرۈپ مېڭىش ئىدى. سەپەر ئۈستىدە بۇ ئېغىر ھەربىي بايراقنى كۆتۈرۈپ مېڭىش گۆدەك ھەم ئاجىز كىلاۋسېۋىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، جان ـ دىل بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئۆز جەمەتى ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈشنى ئويلايتتى.

قىسىم ماينىس شەھىرىدىن ئايرىلىپ يىراقتا بارمايلا، مومپاھ دېگەن يەردە شاھزادە فېردىناندىنىڭ پولكىنىڭ ئالدىنقى مۇھاپىزەتچى قىسمى فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. مىلتىق ئاۋازى ھەممە يەرنى بىر ئالدى. توپ ئوقلىرى ھۇشقۇيتۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچقىلى تۇردى، پارتلاش ئاۋازىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، بىردەمنىڭ ئىچىدە تونجى تۈركۈمدىكى يارىدارلار ئالدى تەرەپتىن ئېلىپ كېلىندى.

قوماندان فىرانسىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەندىن كېيىن 2 ـ باتالىيون ھۇجۇمنى باشلىۋەتتى، كىلاۋسېۋىز ھەربىي بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئالدى تەرەپكە ئېتىلدى.

پىرۇسسىيە ئارمىيەسى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بارغاندا، قوماندان كالتەك ۋە قامچا ئىشلىتىپ، ئەسكەرلەرنى پەقەت بۇيرۇققا بويسۇنۇشنىلا بىلىدىغان «ماشىنا ئادەم» قىلىپ تەربىيەلەشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيتتى. مانا بۇگۈنكى ئۇرۇش

مەيداندا يۈزلەپ، سورۇپ، يالغان چاچ كىيىۋالغان، چىرايى قورقۇنچلۇق ئەسكەرلەر توسۇۋالغۇسىز قىياپەتتە مەغرۇر قەدەم تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تەڭلا ئوق چىقىرىپ دۈشمەنگە زەربە بەردى. شۇ يىللاردا ئىمپېراتور فىرىدرىخ بۇ خىل ئۇرۇش تاكتىكىسىغا زەمبىرەك قوشۇلسا، پۈتكۈل ياۋروپامۇ تەڭ كېلەلمىگۈدەك، دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇرۇشتا كىلاۋسېۋىز فىرانسىيەلىكلەرنى تۇنجى قېتىم كۆردى. ئۇلار قېنىق كۆك رەڭلىك ھەربىي فورما كىيىۋالغان بولۇپ، مۇقىم سەپ شەكلى يوق ئىدى، ئۇلار دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ياكى ئۆزۈملۈك ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، گاھ كۆرۈنمەي، گاھ كۆرۈنۈپ پىرۇسسىيە ئارمىيەسىگە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالەتتە توختىماي ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

كىلاۋسېۋىزنىڭ يېنىدىكى مىلادشى سېرژانت ئوق تېگىپ يىقىلدى. دالا ۋە ئۈزۈملۈكتە جەسەتلەر دۆۋىلىشىپ كەتتى. ئۇرۇش ۋەھىمىسى كىلاۋسېۋىزدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇردى. كەسكىن ئۇرۇش ئارقىلىق فىرانسىيە ئارمىيەسى ھاپىلا ـ شاپىلا چېكىنىدى.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن قىسىم داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. ناماز شام ۋاقتىدا ماينىس شەھىرى كۆرۈندى. قىسىمغا ئارام ئېلىش بۇيرۇقى چۈشتى.

شۇ چاغدا ئاۋستىرىيە ئارمىيەسى يېقىنلاشتى، ھېسسىن ئارمىيەسى كاستىلىيە شەھەر ئەتراپى رايونى ئارقىلىق شەھەرگە كىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2. ماينىسنى قورشاش ئۇرۇشى

ماينىس بىر قورغان شەھەر، بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىغا ئېگىز سېپىللار ياسالغان ۋە چوڭقۇر خەندەكلەر كولانغان، بۇ يەردە يەنە ئىستىھكام، زەمبىرەك سۇپىسى ۋە سىرتقى ئىستىھكام قاتارلىقلار بار. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى چارباھ دەرياسى بىلەن رېين دەرياسى قوشۇلىدىغان يەردە ھوپتىستېن ئىستىھكامى بار، بۇ يەردىكى زەمبىرەكلەر ئىستىھكام ئەتراپىدىكى قۇرۇقلۇق ۋە دەريالارنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. رېين دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان كاستېلىيە شەھەر ئەتراپى رايونىدا مۇستەھكەم ئىستىھكام ۋە زەمبىرەك سۇپىسى ياسالغان، بۇ رايون لەيلىمە كۆۋرۈك ئارقىلىق ماينىس شەھىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

ماينىس شەھىرى ئىچىگە رېين ـ گېرمانىيە مىللىي ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىككى نەپەر تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى مىرەن دې دىئوۋېر بىلەن لېبېللارمۇ قاپسىلىپ قالغانىدى.

مۇھاسىرىدە قالغان فىرانسىيە مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئوق ـ دورىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئاچارچىلىق شەھەردىكى ئارمىيە ۋە خەلققە ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. 3000 ھەربىي ئاتنىڭ يەم ـ بوغۇزىمۇ تۈگىدى.

مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، مىللىي ئۇيۇشما 200 نەپەر پارلامېنت ئەزاسىنى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل سۈپىتىدە

قىسىملارغا ئەۋەتتى. ئۇلار يۇكسەك ئىنقىلابىي قىزغىنلىقنىڭ تۈرتكىسىدە، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قىسمىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى ھەمدە قىسىم ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، مىللىي ئۆيۈشمىنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلدى.

پىرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان. شەھەر مۇھاسىرىدە قالغان دەسلەپكى ئىككى ئايدا فىرىدرىخ ۋىللىئام II قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئەتراپىغا ئاقسۆڭەك ئەسكەرلەرنىڭ سەيلە ـ ساياھەت قىلىشى ئۈچۈن گۈزەل بىر باغچە ياساش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ئەينى چاغدا پىرۇسسىيە ئارمىيەسىدە مەخپىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەشھۇر ئەدىب فون گيوتې پادىشاھنىڭ تەكلىپى بىلەن دائىم باش ئىشتابقا كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى.

ئوردا تۇرمۇشىدىن زېرىككەن پادىشاھ، ۋەزىر ۋە گېنېراللار بۇ باغچىگە بېرىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇ چاغدا ماينىس شەھىرىگە قاپسىلىپ قالغان ئۇزۇن ئىشتانلىقلار[①] پارتىيەسىنىڭ گېنېرالى ئامبار دىبايىۋ ئوزۇق ـ تۈلۈك يېتىشمىگەچكە، ئاشپەزلەرنى بىر مۈشۈك بىلەن 12 چاشقاندىن چۈشلۈك تاماق تەييارلاپ قوماندانلىق ئىشتابىدىكى بىرنەچچە قوماندانىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا بۇيرىدى.

كىلاۋسېۋىز تۇرۇشلۇق شاھزادە فېردىناندنىڭ پولكى ئەينى ۋاقىتتا چارباغ ئىستىھكامىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇراتتى. ئوفىتسېرلار تۆت ئايغا سوزۇلغان مۇھاسىرە مەزگىلىدە ھەر كۈنى ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى. كىلاۋسېۋىز كىچىك بولغاچقا، ئۇلار دائىم ئۇنى ئۆزىگە تارتىش كويىدا بولاتتى، لېكىن ئۇ بۇ خىل ئېزىقتۇرۇشلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب

① بۇ ئەينى چاغدىكى ئىنقىلاب قىلىش ئىرادىسى ئەڭ قەتئىي بولغان بىر خىل كىشىلەرنىڭ ئاتىلىشى. ئۇلار ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش قىسقا ئىشتان كىيمەي ئۇزۇن ئىشتان كىيگەچكە، «ئۇزۇن ئىشتانلىقلار پارتىيەسى» دەپ ئاتالغان.

كېلىپ، ئۇلارنىڭ چېچىلاڭغۇ تۇرمۇشىغا ئارىلاشمىدى، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان قوپال چاقچاقلار ۋە تەكەببۇر چىراي ئىپادىلىرىدىن ئۆز تولىمۇ زېرىكتى. ئۇ قەلبى پاك، ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن ئائىلىنىڭ تەربىيەسىنى ئالغانلىقى ۋە ئۇنى قەدىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، روھىي جەھەتتە ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە پەقەت چۈشكۈنلەشمىدى.

شاھزادە فېردىناندنىڭ پولكى مالىنبوئېنغا يېقىن جايدا تۇراتتى. ئۇ يەردە كېچە ـ كۈندۈز توختىماي زەمبىرەك ئۈزۈشى بولۇپ تۇردى. فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ زەمبىرەكچى ئەسكەرلىرى ئوق ـ دورىنى تېجەش ئۈچۈن ئوقنى قىسمەن زىچ جايلاشقان يەرگە ۋە باشقا بەزى ھەربىي نىشانلارغا قارىتىپ ئاتاتتى؛ بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ زەمبىرەكلىرى پۈتۈن شەھەرنى بومباردىمان قىلاتتى. فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى تەدبىر قوللىنىپ، غەيرىي ھەربىي ئىشلار نىشانلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نۇرغۇن ئۆيلەر خارابىلىككە ئايلاندى.

بىرلەشمە ئارمىيە زەمبىرەكلەرنى رېين دەرياسىدىكى سال ۋە كېمىلەرگە يۆتكەپ، بۇ ھەرىكەتچان زەمبىرەك سۈپىسىدىن پايدىلىنىپ مايىنس شەھىرىنى توختىماي بومباردىمان قىلدى. كىلاۋسېۋىز فىرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەرىكەتچان زەمبىرەك سۈپىسىغا قىلغان ھۇجۇمىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. باتۇر ئۈزۈن ئىشتانلىقلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرى پارتلاۋاتقان زەمبىرەك ئوقىنىڭ زەربىسىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇنى كۆرمىگەندەك ئارقا ـ ئارقىدىن سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، چەبدەسلىك بىلەن سالنىڭ ئارغامچىسىنى كېسىۋېتىپ سالنى ئۆز بازىسىغا كۆچەپ ئىتتىرىشەتتى، بازىدىكى كىشىلەر زەپەر قۇچۇپ كەلگەن باتۇرلارنى ئالقىش ياڭرىتىپ كۈتۈۋالاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com

1793 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كېچىدە، فىرانسىيە مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ماينىس شەھىرىنى ساقلاۋاتقان قىسمى پىرۇسسىيەنىڭ مالىنبوئېندىكى باش ئىشتابىغا ھۇجۇم قىلدى.

بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قالتىس بولدى. ئۇلار كېچە قاراڭغۇسىنىڭ ھىمايىسىدە، قورالنى لۆڭگە بىلەن ئوراپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ سەييارە قاراۋۇللىرىدىن ئۆتۈپ مالىنبوئېن كەنتىگە كەلدى، پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونىنىڭ ئاساسىي كۈچى خۇپىيانە ھالدا پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ بازىسىغا يېقىنلاپ كەلدى.

ئەمدىلا ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچقان پىرۇسسىيە ئارمىيەسى ئالدىدا تۇيۇقسىز فىرانسىيە ئارمىيەسى پەيدا بولدى. ئۇلار پىرۇسسىيە ئارمىيەسى ئىنكاس قايتۇرۇپ بولغۇچە مالىنبوئېن كەنتىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار يەنە باشقا نۇقتىلاردىن شىددەتلىك ئوت كۈچى ئارقىلىق پىرۇسسىيە ئارمىيەسىگە ساختا ھۇجۇم قىلدى. زىچ سەپ شەكلى بويىچە ئۇرۇش قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان بىرلەشمە ئارمىيە بۇ زەربىدىن گاڭگىراپلا قالدى. بۇ چاغدا پىرۇسسىيە ئارمىيەسى ئالدىنقى سەپتىكى بازىدىن چېكىنىۋاتقان ئادەملىرىنى فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئادەملىرى بولسا كېرەك، دەپ خاتا تونۇپ ئۇلارغا شىددەتلىك زەربە بەردى. بۇ چاغدا پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ باش ئىشتابىدا قانداق ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قالايمىقانچىلىق چېكىگە يەتكەنىدى.

ئىنتىزامى چىڭ، قاتتىق تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق تەربىيەلەنگەن پىرۇسسىيە يالانما قوشۇنى ئۆزىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ساپاسى ۋە ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن پەقەت زىچ سەپ بويىچە ئۇچۇق ـ ئاشكارا ھالدا مۇنتىزىم ئۇرۇش قىلىشنىلا بىلەتتى.

شۇڭا، بۇ ئارمىيەنىڭ فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك ماغدۇرى يوق ئىدى.

ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كەلگەن پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ زاپاس قىسمى ئۇرۇشقا قاتناشقاندا، مىللىي ئارمىيە پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال گون كارل كىروئىتنىڭ بازىسىنى ئاللىقاچان مۇھاسىرىگە ئېلىپ بولغانىدى. پىرۇسسىيە ئارمىيەسى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ فىرانسىيە ئارمىيەسىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلغاندىلا، ئاندىن فىرانسىيە ئارمىيەسى ئېرىشكەن ئاشلىق ۋە چارۋىلارنى ئېلىپ شەھەرگە قايتتى.

پىرۇسسىيە ئارمىيەسى مايىنس شەھىرىنى ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغاچقا، مايىنس شەھىرىدىكى ئاچارچىلىق چىدىغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

شەھەردىكى ئۈمىدسىزلەنگەن بەزى كىشىلەر مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ قىرغىن قىلىشى نەتىجىسىدە شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئەتراپى جەسەت بىلەن توشۇپ كەتتى. پىرۇسسىيەنىڭ توپچى ئەسكەرلىرى مايىنس شەھىرىنى توختىماي بومباردىمان قىلدى، ھەتتا كەچ كىرگەندىمۇ زەمبىرەك ھۇجۇمى توختىمىدى.

بۇ ۋاقىتتا مۇداپىئە ئىستىھكامىنى تالىشىش ئۇرۇشى توختىماي داۋاملاشماقتا ئىدى. كىلاۋسېۋىز تۇرۇشلۇق پولك چارباھ ئىستىھكامىغا كۈچلۈك ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن كىلاۋسېۋىز ئاجىز قوللىرى بىلەن پىرۇسسىيەنىڭ يوغان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ سەبىي قەلبى چوقۇم مۇشۇنداق قانلىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە ئادەتلىنىشى كېرەك

ئىدى. ئۇرۇشتىن بىر مىلادشى سېرژانت ھەرگىزمۇ قورقمايدۇ، بالىلارمۇ ھەم شۇنداق.

زەمبىرەك بىلەن شىددەتلىك بومباردىمان قىلىش نەتىجىسىدە، چارباھ ئىستىھكامىنىڭ تاملىرى ھېچقانچە قالمىغان بولسىمۇ، قەيسەر مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرى بازىنى يەنىلا چىڭ ساقلىماقتا ئىدى. پىرۇسسىيە ئارمىيەسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغاچقا، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. نەتىجىدە فىرانسىيە ئارمىيەسى چارباھ ئىستىھكامىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى.

كەچقۇرۇن كىلاۋسېۋىز سەپداشلىرى بىلەن بىللە ئىستىھكامدا تۇرۇپ پىرۇسسىيە ئارمىيەسى شىددەتلىك بومباردىمان قىلىۋاتقان مايىنس شەھىرىنى كۆردى.

ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى گىيوتې مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «... بۇ كۈنى ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن تولغان بىر كېچە ئىدى، توپ ئوقلىرى خۇددى يۇلتۇزلار بىلەن يورۇقلۇق تالىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، بۇ چاغدا كىشىلەر ھەققەتەن توپ ئوقى بىلەن يۇلتۇزنى ئايرىيالماي قېلىشتى. ئوت يېنىۋاتقان توپ ئوقلىرى بىزگە ھەققەتەن يېڭىچە تۇيۇلدى، ئۇ بوشلۇقتا ئاستا ـ ئاستا ئەگرى سىزىق ھاسىل قىلاتتى ـ دە، بىردەمدىن كېيىنلا يالقۇن كۆتۈرۈلەتتى...»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## 3. كاندىدات ئوفىتسېرلىققا ئۆسۈش

ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرغان ماينىس شەھىرىدە ئوق ـ دورا ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك ئۈزۈلۈپ قالدى. ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ ھېچبىر ئىلاج قىلغىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا، مىللىي ئۇيۇشما ئەزالىرى ۋە گېنېراللار سالماقلىق بىلەن ئەگەر دۈشمەن تەرەپ شەھەرنى ساقلاۋاتقان قىسىمنى قورال ـ ياراغلارنى ئېلىپ تۇسالغۇسىز چېكىنىشكە قويۇلسا، ماينىس شەھىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئاز كەم 20 مىڭ باتۇر جەڭچىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش قارارىغا كېلىشتى.

1793 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ماينىس شەھىرىنىڭ مۇداپىئە قوماندانى پىرۇسسىيە پادىشاھىغا ئۇرۇشنى توختىتىپ، سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆز قولى بىلەن خەت يازدى.

شۇ كۈنى كارل فون كىلاۋسېۋىز كاندىدات ئوفىتسېرلىققا (ئوفىتسېرلارنىڭ لاۋازىملىقى، ئاتقا مىنىش، ئوفىتسېرلىق فورمىسى كىيىش ئىشلىرىغا مەسئۇل) ئۆستۈرۈلدى.

7 ـ ئايدىكى ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. ھەممە پولك بىر يەرگە يىغىلىپ چاسا شەكىلدە سەپ تۈزدى. داقا ـ دۇمباق ساداسى ئىچىدە دەرىجىسى ئۆستۈرۈلىدىغان مىلادشى سىرژانتلار

سەپىنىڭ ئالدىغا چىقتى، بىر گېنېرال پادىشاھ ئېلان قىلغان ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى ئوقۇپ ئۆتتى، ئاندىن ئۇلارغا ماندات تارقىتىپ بەردى.

پىيادە ئەسكەرلەردەك سالاپەتكە ئىگە، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا سىنالغان، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان 13 ياشلىق بالا ئاخىر پىرۇسسىيە ئوفىتسېرلار پولكىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدى. كىلاۋسېۋىز دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى، ئۆز دەرىجىسىنىڭ ئۆسكەنلىك خۇش خەۋىرىنى خۇشاللىق بىلەن دادىسىغا يەتكۈزدى.

1793 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ماينىس قورغىنىنىڭ قوماندانى مالىنبوئېنغا بېرىپ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى. فىرانسىيە ئارمىيەسى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ماينىس شەھىرىدىن چىقىپ كېتىدىغان بولدى.

بۈگۈن كارل فون كىلاۋسېۋىز شاھزادە فېردىناند پولكىنىڭ ئوفىتسېرلىرى بىلەن بىرلىكتە باتۇر قوشۇنىنىڭ چېكىنگەن چاغدىكى ھالىتىنى كۆردى.

فىرانسىيە ئارمىيەسى ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ۋە كىشنىگەن ئاۋازى ئىچىدە تەرتىپ بىلەن ماينىس شەھىرىدىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ ھەربىي فورمىلىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ، ئاچلىقتىن ئىككى مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇلار يەنىلا ناھايىتى روھلۇق، مەغرۇر، يېڭىلمەس قىياپەتتە كۆرۈنەتتى.

مىللىي ئۇيۇشما ئالاھىدە ئەۋەتكەن خادىم مېرەن دې دىئوۋېر بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ چېكىنىپ چىققان قىسىم ئىچىدە بار ئىدى. تاماشا كۆرۈۋاتقانلار توپىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار:

— ئۇلارنى ئۇرۇڭلار، ئۇلارنى ئۇرۇڭلار! — دەپ توۋلىشاتتى.

ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىمنىڭ قاتتىق تەنبىھ بېرىشى بىلەن ھېلىقى ئىش چىقارماقچى بولغان ئۇنسۇرلار قۇيرۇقىنى قىسىشتى، شۇنىڭ بىلەن ھېچكىممۇ تاش ئېتىشقا ۋە ئادەم ئۇرۇشقا پېتىنالمىدى. فرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ چېكىنگەن چاغدىكى مەنزىرىسىنى گىيوتې خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «پىيادە ئەسكەرلەر، روھلۇق ۋە ياخشى تەربىيەلەنگەن دائىمىي قىسىم يېتىپ كەلدى، مايىنسلىق بەزى قىزلار ئۇلار بىلەن بىللە كېتىپ باراتتى... بەزى تونۇش كىشىلەر باشلىرىنى چايقىشىپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشاتتى، ئۇلارنىڭ يىغىرىغا تېگەتتى، زەھەردەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى چاقاتتى، بۇنداق ئەھۋال بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى. لېكىن، قىزلارنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئىشەنچ بىلەن تولغانىدى...»

بۇ خىل مەنزىرە كىلاۋسېۋىزنى تولىمۇ ھاياجانغا سالدى، ئۇ بۇنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتى. ئۇ مۇنۇلارنى خىيالىدىن كەچۈردى: كىشىلەر نېمىشقا پىرۇسسىيە ئارمىيەسى بالايىئاپەت دەپ قارايدىغان فرانسىيە مىللىي ئارمىيەسىنى ئۆزلىرىنىڭ نىجات يۇلتۇزى دەپ بىلىدىغاندۇ؟ مىللىي ئارمىيە مايىنس شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا پىرۇسسىيە ئارمىيەسى قوغداۋاتقان قورغاننىڭ قىلچىلىك قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، مىللىي ئارمىيە ئۇنى ئاسانلا ئىشغال قىلىۋالدى، ئەمما فرانسىيە ئارمىيەسى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇنى مۇستەھكەم قورغانغا ئايلاندۇرۇۋالدىغۇ؟ كىلاۋسېۋىزنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن مەسىلىلەر ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ مەسىلىلەرنى ئۇ تېخى توغرا چۈشىنەلمەيتتى. دەرۋەقە، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە كاللىسىغا

چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن بۇ خىل تەسىرات ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىدىيەسىگە ئاستا ـ ئاستا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى.

فىرانسىيە مىللىي ئارمىيەسى مايىنىستىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەكسىيەتچىل كۈچلەر دەرھال باش كۆتۈرۈپ چىقتى، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ قېچىپ كەتكەن ئەمەلدار، ئاقسۆڭەكلەرمۇ قايتىپ كېلىپ ئەركىنلىك ئىدىيەسىگە ئىگە ئامىدىن كەڭ كۆلەمدە ئۆچ ئالدى، نۇرغۇن كىشىلەرنى قامىدى ۋە ئۆلتۈردى.

فىرانسىيە مىللىي ئارمىيەسى «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق»نى جەڭگە ئاتلىنىشنىڭ ئالدىدىكى شۇئارى قىلغاچقا، خەلق ئاممىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن زىچ ئىتتىپاقلاشتى. ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان غايەت زور مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە بۇ قوشۇن جانلىق، ھەرىكەتچان، تارقاق ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى تاكتىكا ئارقىلىق، ئۆلۈك سوزۇلما سەپ تاكتىكىسى بويىچە ئۇرۇش قىلىدىغان بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ياللانما ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، سەپ ـ سەپلەردە ئۇزۇكسىز غەلىبە قازاندى. بۇ چاغدا بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ نۇرغۇن ئوفىتسېرلىرى ئۇرۇشتا قائىدىگە رىئايە قىلمايدىغان «تەلۋىلەر» بىلەن ئەمدى ئۇرۇشالمايدىكەنمىز، شۇڭا فىرانسىيە بىلەن سۈلھى تۈزۈش كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلدى.

1793 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، فىرانسىيە ئارمىيەسى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى، كېيىنكى يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى ئۇرۇش نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، دۈشمەن ئارمىيەسىنى جۇمھۇرىيەت تۇپرىقىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى ھەمدە دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ دۈشمەن دۆلەتلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىردى.

1795 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سۈلھى شەرتنامىسى بازىلدا تۈزۈلدى. پىرۇسسىيە فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىقتى. غەلىبە قىلىشتىن قىلچىلىك ئۈمىد بولمىغان فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشتى. قىسىملار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايغا قايتتى.

# 4. ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇرۇش

مايىنىسنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كىلاۋسېۋىز يەنە ئىلگېبېرگ، روتھېرھىن ۋە تىرپېشتاتلاردا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ كۆپ قېتىم زەمبىرەك ئوقىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى.

ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن 15 ياشلىق كىلاۋسېۋىز ۋېستفالىيە تەۋەسىدىكى بىر يېزىغا جايلاشقان گازارمىدا تۇردى. يېزىنىڭ ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش شارائىتى ۋە خىلۋەت يېزا كەيپىياتى ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى توپ ئوقى گۈمبۈرلەپ تۇرغان، ھەممە يەردە قان تۆكۈلۈۋاتقان ئۇرۇشتىن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە قايتۇردى. ئۇ ئەمدى كەلگۈسىنى، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشنى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۆستۇرۇشنى ئويلاشقا باشلىدى، دىققىتىنى بىلىم ساھەسىگە قاراتتى، نەتىجىدە ئۇ تەشنالىق بىلەن كىتاب ئوقۇشقا ۋە ئۆگىنىشكە باشلىدى.

ئۇ كېيىن ئاشۇ بىر مەزگىللىك يېزا تۇرمۇشىنى ئەسلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز ئوسنابۇرگدا تۇرغان چېغىمىزدا، ئۇ يەردە كىتاب ناھايىتى كۆپ ئىدى، شۇڭا مەن كىتاب ئوقۇشنى باشلىغانىدىم... بىر كىچىك ئەسكەرنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق نام چىقىرىشقا يۈزلەندى...»

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۇ ئەسكەرلەر بىلەن نۇئىرۇپپىنغا بېرىپ تۇردى، زېرىكىشلىك ھەربىي گازارما تۇرمۇشى جەريانىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىلاۋسېۋىزنىڭ خاسلىقى ئىنتايىن گەۋدىلىنىپ تۇردى: ئۇ ھەم بارىغا شۈكۈر قىلدى، ھەم بۇ خىل ھالەتتىن خاتىرجەمسىزلەندى. شۇڭا، ئۇ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ كىتاب ئوقۇپ، سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. كىتاب ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالدى، ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇ ھەمىشە ئۆيىدە كىتاب كۆردى. ئۇ لاتىن تىلىنى ئۆگەندى، ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلدى، مەزمۇنى چوڭقۇر پەلسەپە كىتابلىرىنى، كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى. ئۇنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى يېقىندىن نەشر قىلىنغان ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەسەرلەر بولدى.

كىلاۋسېۋىزنىڭ ئۆيى ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما بەك رەتلىك ئىدى. ھەر كۈنى كەچتە ئۇ كىچىك ياغاچ ئۈستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ شام يورۇقىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب كۆرەتتى. بەش يىل مانا شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.

كىلاۋسېۋىز كىتاب ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، يەنە ئېقىم مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلدى، ئىجتىمائىي ئالاقىدىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرمىدى. سەپداشلىرى ئارىسىدا ئۆزى بىلەن قىزىقىشى ئوخشاش ئادەملەر ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەكلىپكە بىنائەن زىياپەتلەرگە قاتنىشىپ تۇردى، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ھاراق ئىچىشتى، تانسا ئوينىدى ۋە پاراڭلاشتى. ئۇ تانسىنىمۇ ياخشى ئوينايتتى، بۇ ھەممىگە مەلۇم ئىدى، كۆپچىلىكمۇ ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدى.

ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمەيدۇ. 1801 ــ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، پولك كوماندىرى كىلاۋسېۋىزنى چاقىرتىپ ئۇنى بېرلىندىكى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئەۋەتىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ھەربىي مەكتەپكە بىرىپ ئوقۇش 21 ياشلىق مىلادشى سېرژانت كىلاۋسىۋىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن خۇشاللىق ئىش ئىدى. ئۇ مۇشۇ كۈننىڭ كېلىشى ئۈچۈن ئۇزۇندىن بېرى تەييارلىق قىلىۋاتقانىدى. ئۇ مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، ئۇنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى ئاخىر ئۆزىگە جاۋاب قايتۇردى.

كىلاۋسىۋىزنىڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى باي ئاقسۆڭەك ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى، ئۇلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئويناپلا يۈرەتتى. كىلاۋسىۋىزنىڭ ئوينىغۇدەك پۇلى يوق، پۇلى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چىقىپ بۇزۇپ - چاچمايتتى. ئۇ بۇ قىممەتلىك ئېرىشىش قىيىن بولغان ئوقۇش پۇرستىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۇ قەتئىي ئىرادە بىلەن دەرس تەكرارلاپ، ئۆز بىلىمىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ يېتەرلىك تەربىيەگە ئىگە بولالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتكىنىدە ئىنتايىن مەيۈسلىنەتتى.

ئۇ بۇ قىممەتلىك ئېرىشىش قىيىن بولغان بىلىم ئاشۇرۇش پۇرستىنى قەدىرلىدى، چۈنكى ئۇ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ۋاقىتنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. كىلاۋسىۋىز ئۇ يەردە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىككى ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ بىرى، ئەينى چاغدا بىرلىندا نام چىقارغان، «شەھەر پەيلاسوپى» دەپ ئاتالغان پىروفېسسور جىساۋېرت ئىدى؛ يەنە بىرى، مەزكۇر مەكتەپنىڭ مۇدىرى ساۋېنھوست ئىدى.

كىلاۋسىۋىز ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرسلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە تاللاپ ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ

ئۆگەندى. ئۇ پىروفېسسور جىساۋېرتنىڭ ئىلمىي لېكسىيەلىرىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلىدى. جىساۋېرت ئاساسەن كانتنىڭ تەلىماتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىزاھلاش جەھەتتە مۇھىم تۆھپە قوشقان. كىلاۋسېۋىزنىڭ كېيىن ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىدىكى لوگىكىلىق ئۇسۇل جەھەتتە قەتئىي بولۇشتىن ئىبارەت ئارتۇقچىلىقى پىروفېسسور جىساۋېرتنىڭ سۆزلەپ چۈشەندۈرگەنلىكىگە ۋە ئۆزىنىڭ كانتنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغانلىقىغا مەنسۇپ.

بېرلىن ھەربىي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ساۋېنھوست 1755 ـ يىلى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باللىق چاغلىرىدا مۇنتىزىم مەكتەپ تەربىيەسى كۆرمىگەن.

ساۋېنھوست 17 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى ئۇنى ئۆيگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر ھەربىي مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەن، ئۇ بۇ مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇغان. بۇ مەكتەپنى گىراف لىپپىي ئاچقان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ تەجرىبىلىك ھەربىيلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئاران 12 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. مەكتەپكە ئاقسۆڭەك بولمىغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى قوبۇل قىلىناتتى.

ساۋېنھوست 24 ياشقا كىرگەن يىلى ھانوۋېردىكى 8 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىغا كىرگەن ھەمدە كاندىدات ئوفىتسېر بولغان.

تۆت يىلدىن كېيىن ساۋېنھوست ھانوۋېر توپچى ئەسكەرلەر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان ھەمدە گېزىت ـ ژۇرناللارغا ماقالە يېزىشقا باشلىغان. ئۇ ئۆزى بىر ھەربىي ئىشلار ژۇرنىلى چىقارغان. ئۇ 28 ياشقا كىرگەندە ئاندىن مىلادىشى لېيتېنانتلىققا ئۆستۈرۈلگەن، 37 ياشقا كىرگەندە ستارشى لېيتېنانتلىققا ئۆستۈرۈلگەن. ياندۇرقى يىلى توپچى ئەسكەرلەر ئىززۆت

كوماندىرى سالاھىيىتى بىلەن فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان.

ئۇ ئۇرۇش توختاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مايورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسىگە ئاساسەن، قوشۇننى ئىسلاھ قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھۆكۈمەت ئىسلاھات جەمئىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ دەپ ئەنسىرەپ، شۇنىڭدەك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زىيان يېتىدۇ دەپ قاراپ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات پىلانىغا بارلىق كۈچ بىلەن قارشى چىققان.

ساۋېنھوست ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغاچقا، 1801 ـ يىلى مەيۈسلەنگەن ۋە تىت ـ تىت بولغان ھالدا پىرۇسسىيە ئارمىيەسىگە كىرگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي پودپولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلگەن ھەمدە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن.

كىلاۋسېۋىز تىرىشچان بولغاچقا، مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ھېچكىم كۆرسەتمىسىمۇ مەكتەپ مۇدىرى ساۋېنھوستىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، ساۋېنھوست كىلاۋسېۋىز توغما تالانتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا بايقىغان.

بىركۈنى كىلاۋسېۋىز ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋېلىپ، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە بارىدۇ. ساۋېنھوست دەسلەپتە ئادەمگە چاكىنا، بىپەرۋا ۋە لايغەزەلدەك تەسىر بېرەتتى، كۆرۈنۈشى پەقەت ھەربىيگە ئوخشىمايتتى. بىراق، ئۇنىڭ دەرس سۆزلەش مېتودى ئۆزگىچە ئىدى، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نۇرغۇنى كارامىتىنى كۆرسىتىپ، كېيىن ھەربىي ئىشلار ساھەسىنىڭ مۇھىم ئەربابلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئوقۇتۇشتا تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىلاۋسىيۇزىنى بىلەن ساۋىنىھوۋستىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشى ھەر ئىككىيلەنگە نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. كىلاۋسىيۇزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ساۋىنىھوۋست مەنۋى جەھەتتە مېنىڭ دادام ۋە دوستۇم...»

ئىككىيلەننىڭ ئورۇن ۋە ياش جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ باردى. ساۋىنىھوۋست ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا دائىم دۇنيادا پەرزەنتلىرىمدىن باشقا، ماڭا كىلاۋسىيۇزدەك يېقىن تۇرىدىغان، مېنى چۈشىنىدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق، دەيتتى.

كىلاۋسىيۇز ساۋىنىھوۋست تەشكىللىگەن «ھەربىي ئىشلار جەمئىيىتى»گە قاتناشتى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىش ئىدى. كېيىن ئۇ پىرۇسسىيە ئىسلاھاتىنىڭ بۆشۈكى دەپ قارالدى. ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلغۇچى مەشھۇر شەخسلەردىن سىتېين، گىنىسناۋ، گىلورمان، بوئېن قاتارلىقلار ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى ئىدى.

ھەر چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن باش مىلادشى لېيتېنانت تاقىتى تاق بولغان ھالدا بىرىپ جەمئىيەتنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشاتتى. ھەر قېتىملىق پائالىيەتتە ئالدىن تاللانغان بىر تېما بولاتتى. پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلار ئالدى بىلەن ئىدىيە ئالماشتۇراتتى. بۇنىڭدا ھەربىر شەخسنىڭ ئىلمىي ماقالىسى ۋە ئوبزورى نۇقتىلىق ئوقۇلاتتى. ئاندىن مۇزاكىرە قىلىناتتى. ئاخىرىدا ئىلمىي كومىتېت مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەتتى. بۇ پائالىيەت ماھىيەتتە ھەربىي ئىشلار بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىدى. بۇ پائالىيەت كىلاۋسىيۇزنىڭ 2 ـ دەرسخانىسى بولدى. ئۇ بۇ پائالىيەتتىن نۇرغۇن مەنپەئەت ئالدى.

كىلاۋسېۋىز ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، بىرلىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىگە پۇختا نەزەرىيەۋى ئاساس سالدى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا ئوخشاش بىلىمنىڭ بىر خىل قورال ئىكەنلىكىنى، بۇ قورالنى ئىگىلەش جەريانىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇ ھەربىي بولۇش سۈپىتى بىلەن بىلىم ئىگىلەشنى ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلىپ، ھەر كۈنى مۇشۇ نىشان ئۈچۈن يېڭى بىر ئىنتىلىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

1803 ـ يىلى ئەتىيازدا كىلاۋسېۋىز ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزدى. ئۇ مەكتەپ بويىچە ئىككى ئەلاچىنىڭ بىرى بولدى. مەكتەپ مۇدىرى: «قابىلىيەت، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، ئىجادىيەت ۋە مەلۇمات جەھەتتىن باھا بەرسەك، بۇ ئىككىيلەن ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دەپ قارىدى. كىلاۋسېۋىزنىڭ دىپلومىغا مەكتەپ مۇدىرى مۇنداق باھا يازدى: «مىلادشى لېيتىنانت كىلاۋسېۋىزنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنىڭ بايانى ناھايىتى پۇختا ھەم دەل جايىدا بولغان، ئومۇمىيلىقتا ناھايىتى توغرا ھۆكۈم قىلغان. ئۇ ماتېماتىكا ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ناھايىتى چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurqap.com

## 5. مارى خېنىم بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش

كىلاۋسېۋىز ھەربىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ساۋېنھوستىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن پادىشاھ ئۇنى ئاۋگۇستۇسنىڭ شاھزادىسى فېردىناندنىڭ ئوغلىنىڭ ئادىيۇتانتلىقىغا تەيىنلىدى.

كىلاۋسېۋىز ئۇرۇش ۋە ھەربىي مەكتەپتىكى قاتتىق ھەم نامرات تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بىراقلا قايناق، ھەشەمەتلىك ئوردا تۇرمۇشىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە غىزالاندى. شاھزادە بىلەن كوچىلاردا ئات چاپتۇرۇپ ئوينىدى، ئالىي دەرىجىلىك زىياپەت ۋە تانسىلارغا قاتناشتى. شۇ ئارقىلىق ئۇ ئالاھىدە ئىمتىيازلىقلار تەبىقىسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى بىلەن تونۇشتى. لېكىن، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، ئۇ بارلىق ئېزىقتۇرۇشلارغا تاقابىل تۇردى. ئوردا تۇرمۇشى ئۇنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتەلمىدى.

ئۇنىڭ ئۆيىدە كىتابلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئادەتتە ناھايىتى كەچ ياتاتتى. ھەمىشە يېرىم كېچىگىچە كىتاب كۆرەتتى. ئۇ شىللېر، موللېر، گېيوتېلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيتتى. ھەربىي ئىشلارغا دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ ئەينى چاغدا مۇھىم رول ئوينىغان فىرانسىيەلىك ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەسەرلەرنى كۆرەتتى.

ئۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى يېزىپ ماڭدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يېزىپ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى، بۇ ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى ھەربىي ئىشلار، سىياسەت، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلاتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئاددىي ـ ساددا، تىلى چۈشىنىشلىك، لوگىكىلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى.

كىلاۋسېۋىز كىتابنى ئۆلۈك ئوقۇمايتتى. ئۇ دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئاشۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە پائالىيىتىنى باشتىن ـ ئاخىر سەگەكلىك بىلەن كۆزۈتەتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئۇرۇشنىڭ ھەم تەڭرىنىڭ خەلققە بەرگەن جازاسى ئەمەسلىكىنى، ھەم ساقلانغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ھادىسە ئەمەسلىكىنى، سىياسەت بىلەن ئۇرۇش ئوتتۇرىسىدا ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇناسىۋەت بارلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى.

بىركۈنى شاھزادە فېردىناند كەچلىك زىياپەت ئۆتكۈزدى، مېھمانلار تېخى تولۇق كېلىپ بولالمىغانىدى، كىشىلەر تۆت ـ بەشتىن بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. روھىي كەيپىياتى سولغۇن قارا چاچلىق چىرايلىق بىر قىز ئۆزى يالغۇز دېرىزە ئالدىدا سىرتقا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ھەسرەتكە تولغان، يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى. كىلاۋسېۋىز بۇ يەردە ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسىن ـ جامالىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى.

گۈزەل، ئەمما قەلبى ھەسرەتكە تولغان بۇ قىزنىڭ ئىسمى مارى ئىدى.

مارى فون بىرۇھىل گىراف خېنىم 1779 ـ يىلى ۋارشاۋادا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇغۇلغان. دادىسى ساكسونىيەدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيەدە گېنېرال لېيتېنانت ئىدى. ئۇنى 1787 ـ يىلى فرىدرىخ ۋىللىئام II بېرلىنغا چاقىرتىپ شاھزادىگە ئوقۇتقۇچى قىلغان ھەمدە قوشۇمچە ھەربىي ئاتتاشىلىققا تەيىنلىگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بېرلىنغا كۆچۈپ بارغان.

مارى كىتاب ئوقۇشقا، بولۇپمۇ گېرمانىيەنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىگە بەك قىزىقاتتى، يەنە ئىلىم ـ پەن، تارىخقا ئائىت كىتابلارنىمۇ ئوقۇيتتى. ئۇ ئىنگلىزچە، فىرانسۇزچىغا پىششىق، مۇزىكا ۋە رەسىم سىزىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ بويىغا يەتكەندىن كېيىن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرىدىغان، تانسا ئويناشنى، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

1802 ـ يىلى يازدا مارى ئارام ئېلىش ئۈچۈن يېزىغا باردى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئامراق دادىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك شۇم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلاندى.

ئۇنىڭ ھېلىقى كۈندىكى كەچلىك زىياپەتكە قاتنىششى دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر يىلدىن كېيىن تەنتەنىلىك ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنىدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولۇشى ئىدى. ئۇ شاھزادىنىڭ كىچىك خوتۇنى لۇئىس بىلەن دادىسى توغرۇلۇق سۆزلەشكەندە، لۇئىس ئۇنىڭ دادىسىغا مۇناسىۋەتلىك گەپلەرنى قىلغان، بۇ گەپلەر ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ دېرىزە ئالدىدا يالغۇز تۇرغانىدى.

كىلاۋسىۋىزنىڭ قەلبى خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ھاياجانغا تولدى. ئۇ يېنىدىكى ھەربىي ئاتتاشىغا ئۆزىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى، بۇ چاغدا مارىنىڭ كۆزلىرى يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن، كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس بولۇپ، ناتونۇش ئادەم بىلەن سۆزلىشىشكە تازا تاۋى يوق ئىدى. ئۇ سالام بېرىپ

بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلغاندىن كېيىن، قىز دوستى بىلەن بىر بولۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى، كىلاۋسېۋىز ئىلاجسىز مارىنىڭ نەۋرە ئاكىسى كارل بىلەن بىللە خان جەمەتى تىياتىرخانىسىنىڭ دىرېكتورى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇردى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن كارل نەۋرە سىڭلىسىغا كىلاۋسېۋىزنى پەزىلەتلىك، بىلىملىك، ئالدىنقى قاتاردىكى ئادەملەردىن ئىكەن دەپ ماختاپ بەردى. ئىش مارىنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ كىلاۋسېۋىزنى مەنسىتمىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ناھايىتى خىجىل بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار يەنە شاھزادە فېردىناند ئۆتكۈزگەن كەچلىك زىياپەتتە ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ قېتىم مارى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىلاۋسېۋىزغا يېقىنلاشتى، ئۇلار ئەمدىلا گەپ باشلىشىغا زىياپەت باشلىنىپ قالدى.

كېيىن شاھزادە فېردىناند ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق كاتتا تانسىدا مارىنىڭ قىز دوستى ئۇنىڭدىن:

— سەن ئاۋۇ ئوفىتسېرنىڭ سېنى قوغلىشىۋاتقىنىنى سەزمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. بۇ چاغدا بۇ نۇقتا تېخى مارىنىڭ كاللىسىدا ئايدىڭلاشمىغانىدى، بىراق كىلاۋسېۋىز ئاللىقاچان ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى.

تانسا باشلىنىشى بىلەنلا، كىلاۋسېۋىز تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ مارىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ تاماق يەيدىغان چاغدىلا پۇرسەت تېپىپ مارى ۋە ئۇنىڭ دوستى بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇ ئۇلارغا ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىكى تۇرمۇشنى ۋە بېرلىنغا بولغان تەسىراتىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن گېيوتېنىڭ «ياش ۋېرتېرنىڭ دەردى» دېگەن ئەسىرىنى ھېكايە قىلىپ بەردى ۋە: «مەن ۋېرتېرنىڭ ھېسسىياتىنى تولىمۇ چۈشىنىمەن، ئۇ ئۆلۈۋالمىسا بولاتتى» دېدى. كىلاۋسېۋىز ئۆز چۈشەنچىسىنى تولىمۇ قايىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلارلىق دەرىجىدە ئېپادىلىدى. قىزلار ئۇنىڭغا قول قويدى. ئەقىللىك ھەم تەربىيە كۆرگەن بۇ ياش ئوفىتسېر قىزلارنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى، ئۇ كەتكەندىن كېيىن قىزلار خېلىغىچە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشتى.

كېيىن شاھزادە فون ئورانىن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق تانسىدا كىلاۋسېۋىز بىلەن مارى بىللە تانسا ئوينىدى. بۇ چاغدا كىلاۋسېۋىز مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزھار قىلدى. مارى بىر تۇرۇپ ھاياجانلاندى، بىر تۇرۇپ ئوڭايسىزلاندى، ئۇنىڭدا تېخى كىلاۋسېۋىزنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلغۇدەك جاسارەت يوق ئىدى. ئۇ زۇۋان سۈرمىدى.

مارى 1804 ـ يىلى ئاچىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بېرلىندىن ئايرىلىپ دىرېزدېن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تۇردى، 1805 ـ يىلى يېڭى يىلدا ئاندىن بېرلىنغا قايتىپ كەلدى. ئۇ كىلاۋسېۋىز بىلەن پەقەت تانسا كېچىلىكىدە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. مارى كېيىن خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازدى: «بىر قېتىم ئۇ بەك كېچىكىپ كەلدى، مەن ئورنۇمدا ئولتۇرالماي قالدىم، پات ـ پات ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم.»

مارى كىلاۋسېۋىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا تەن بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىنى ئىزدەپلا يۈردى. ئۇلار ئۇچراشقاندا پەقەت بىرنەچچە ئېغىزلا گەپلىشەلەيتتى، لېكىن مارى ئۇنىڭ بىر كۆرۈۋالسىلا ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلايتتى.

مارىنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئويلايدىغىنى ئۇنى پۇلى ۋە ئىمتىيازى بار، ئۆز خىلىدىكى ئائىلىگە ياتلىق قىلىش ئىدى. ئەمما، كىلاۋسېۋىزنىڭ دادىسى بىر باجگىر تۇرسا، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ھەربىي فورمىسىدىن باشقا ھېچقانداق مال ـ مۈلكى

بولمىسا، ئۇنىڭ مارىنى ئېلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇ مايور بولۇشتىن ئىلگىرى بىر ئائىلىنى قامداشقا ھەرگىز قۇربى يەتمەيتتى، مايور بولۇش ئۇچۇنمۇ يەنە بىرنەچچە يىل ساقلاش كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ مارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا ئاشكارىلاشقا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇلار ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا، باشقىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۇقتۇرماسلىق ئۈچۈن، سوغۇققىنا مۇئامىلە قىلىشاتتى ۋە كۆپ كۆرۈشمەيتتى.

مارى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن توي قىلىشقا تەشنا بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىسىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن، ئارزۇسىغا يېتەلمەيۋاتاتتى، ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ ئازابلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 6. فرانسىيە ئارمىيەسىگە ئەسىرگە چۈشۈش

1799 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى فرانسىيەدە ناپولېئون «تۇمانلىق ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى قوزغاپ، فرانسىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. 1804 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىدى. ئۇ باش قوماندان بولغان قۇدرەتلىك قوشۇن پۈتكۈل ياۋروپاغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا ئىقتىسادىي، ھەربىي، سىياسىي تۈزۈمى قالاق پىرۇسسىيە ئۇ تەھدىتكە نىسبەتەن ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانمىدى، تېخى ئۆز ئارمىيەسىنى جاھاندا تەڭدىشى يوق دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، ناپولېئون پىرۇسسىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا تەۋەككۈل قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئاقسۆڭەكلەر راھەت ـ پاراغەتلىك قوغلىشىش جەھەتتە ئۇلاردىن قېلىشمايتتى.

1805 ـ يىلىدىكى سوغۇق شاماللىق ۋە يامغۇرلۇق كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى. ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى غەمگە پاتقان ھالدا ناپولېئوننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلماقتا ئىدى. پىرۇسسىيە پادشاھى ناپولېئوندىن قورقۇپ، رۇسىيە، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيەدىن ئىبارەت ئۈچ ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك ئۈچۈن، بىتەرەپ تۇرۇپ ئۆز بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلماقچى بولدى.

ناپولېئون باۋارىيەدىكى ئاۋىستىرىيە ئارمىيەسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن زەربە بېرىش ئۈچۈن، بېرلىنغا نوتا تاپشۇرمىغان ئەھۋالدا، پىرۇسسىيەدىن كېسىپ ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلدى، پىرۇسسىيە پادىشاھى ھېچقانداق ھەرىكەت قوللىنىشقا پېتىنالمىدى. بۇ چاغدا چاررۇسىيە پادىشاھى ئالېكساندىر بېرلىنغا كېلىپ فىرىدرىخ ۋىلھېلمنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر بىتەرەپ تۇرۇش ھالىتى داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، بۇ ھال پىرۇسسىيەگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا پىرۇسسىيە پادىشاھى ئالدى بىلەن «قوراللىق ياراشتۇرۇش» ئېلىپ بېرىشنى، مۇبادا ياراشتۇرۇش 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە ئۈنۈم بەرمىسە، پىرۇسسىيەنىڭ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارمىيەنى سەپەرۋەر قىلىش بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى. بېرلىنلىقلار خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئۇرۇش ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشتى، مارىمۇ كۆڭلىدىكى كىشىسىنىڭ ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن تەشۋىشلەنمەكتە ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئارمىيە ئۇرۇشقا ئاتلاندى.

بۇ چاغدا فىرانسىيە ئارمىيەسى ۋېنانى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردىن ئاۋىستىرىيە ـ رۇسىيە ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى تۇرۇۋاتقان موراۋىيەگە ھۇجۇم قوزغىدى.

پىرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئالدىن بېرىپ ناپولېئونغا ئەڭ ئاخىرقى دىپلوماتىك نوتىنى تاپشۇرماقچى بولغان مىنىستىر گىراف گاۋگېۋىتىس ناپولېئوننىڭ قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلىرىنى تەڭ ئىشقا سېلىشى نەتىجىسىدە ئەڭ ئاخىرقى دىپلوماتىك نوتىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ناپولېئون بىلەن ھۇجۇم ـ مۇداپىئە ئىتتىپاقى تۈزمەكچى بولدى. بىر دۆلەت

ۋەكىللىنىڭ دۈشمەن ئالدىدا بۇنداق توخۇ يۈرەكلىك قىلىشى، يەنە كېلىپ پادشاھ فرىدرىخ ۋىلللىئامنىڭ بۇ شەرتنامىنى دەرھال تەستىقلىشى ھەقىقەتەن تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ئىش.

ئەنگلىيە پادشاھى ئالاقىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «...پرۇسسىيەنىڭ ئىچكى كابىنېتىدىكىلەر نومۇسسىزلىق ۋە ساتقىنلىق قىلغاچقا، ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان پرۇسسىيە ئەمدى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى. ھازىر پۈتكۈل ياۋروپا، جۈملىدىن پادشاھ ناپولېئون ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى. مانا بۇ ئۇ نۆۋەتتە ئېرىشكەن يامان ئاقىۋەت!»

پرۇسسىيە ئارمىيەسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايغا قايتىشتى. كىلاۋسېۋىز يەنە بېرلىنغا قايتتى. ئۇ دۆلىتىنىڭ بۇ خىل قىلمىشىدىن تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلدى.

ناپولېئون ئەنگلىيە بىلەن ئوخشاش بىر پادىشاھلىق ھانوۋېرنى پرۇسسىيە ئارمىيەسىگە ھەدىيە قىلغاچقا، ئەنگلىيە پرۇسسىيەگە جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ناپولېئون ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە فرانسىيەنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ھانوۋېرنى ئەنگلىيەگە قايتۇرۇپ بېرىشكە، پولشانىڭ پرۇسسىيەگە تەۋە بىر قىسىم زېمىنىنى ئۆز زېمىنى سۈپىتىدە رۇسىيەگە ھەدىيە قىلىشقا قوشۇلدى. پرۇسسىيە ناپولېئوننىڭ ئەنە شۇنداق كولدۇرلىتىشى نەتىجىسىدە كۈندىن ـ كۈنگە يېتىم قېلىپ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى.

ئەنە شۇنداق ئەخمەق قىلىش نەتىجىسىدە، پرۇسسىيەنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ۋەزىر مانا ئەمدى جامائەتچىلىكنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ پادشاھقا فرانسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە پادشاھ ھوشىنى تېپىپ قىسمىغا ئۇرۇش ھالىتىگە كىرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى، 1806 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

فىرانسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

قىسىم يولغا چىقىش ھارپىسىدا مارى بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە كۆڭۈلدىكى كىشىسى بىلەن ئۇچراشتى. كىلاۋسېۋىز ئاخىر كۆڭۈلدىكى كىشىسىنى باغرىغا بېسىپ سەمىمىي مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇلار يوشۇرۇن ھالدا توينى پۈتتۈشتى، بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ ئاز ساندىكى يېقىن دوستلىرىلا بىلەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي كىلاۋسېۋىز قىسىم بىلەن يولغا چىقتى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا مارىنى كۆردى. لېكىن ئۇ ئالدىراش ـ تېنەشلا قول ئىشارىسى بىلەن ئېھتىرام بىلدۈردى. ئەمما بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى.

بۇ چاغدا كىلاۋسېۋىز سىتارشى لېيتېنانت مەسلىھەتچىلىككە ئۆستۈرۈلگەنىدى، ئۇ قولىغا مارىنىڭ ئۆزۈكىنى، مەيدىسىگە مارىنىڭ سۈرىتى سېلىنغان كىچىك ئالتۇن قۇتىنى تاقىۋالغانىدى. ئۇ سۆيگۈنىگە يازغان خېتىدە: «سۆيۈملۈك مارى، سىزنىڭ يادىڭىزغا يەتمەسلىكى مۇمكىن، مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىن تەسەللى تاپىمەن، ئۇ ھەر سائەت، ھەر مىنۇت سېھىرلىك كۈچى بىلەن ماڭا ئىلھام بېرىدۇ» دەيدۇ.

قىسىم ھەربىي ئوركېستىر ۋە ناخشا ساداسى ئىچىدە ماگدېبۇرگ ئارقىلىق غەربكە قاراپ يول ئالدى. ئەزەلدىن ناپولېئون بىلەن تۇتۇشۇپ باقمىغان پرۇسسىيە ئارمىيەسى غەلىبە خام خىيالى ئىچىگە غەرق بولغانىدى، كىلاۋسېۋىز شاھزادە ئاۋگۇستۇس قوماندانلىقىدىكى گىراناتچى ئەسكەرلىرى باتالىيونى بىلەن بىللە يېناغا يۈرۈش قىلدى.

1806 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، فىرانسىيە ـ ئىشتاب ئارمىيەسى يېنا بىلەن ئورشتېيتتا بىرلا ۋاقىتتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىلاۋسېۋىز تورۇشلۇق پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي قىسمى يېنىدىكى 20 كىلومېتىر شىمالدا فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ مارشالى داۋۇنىڭ قىسمى بىلەن توقۇنۇشتى، پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 50 مىڭ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 25 مىڭ ئىدى.

پىرۇسسىيە ئارمىيەسى گەرچە ئالدىن بەزى رايونلارنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە توپچى ئەسكەرلىرى بىلەن تارقاق ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىرۇسسىيە ئارمىيەسى ۋاقتى ئۆتكەن سوزۇلما سەپ تاكتىكىسىنى قوللانغاچقا، 18 مىڭ كىشىلىك زاپاس قوشۇنى ئۇرۇشقا قاتناشالمىدى، نەتىجىدە پىرۇسسىيە ئارمىيەسى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ قالدۇق قىسمى فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ۋە تارقاق ئەسكەرلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە بىچارىلەرچە قېچىپ، ئاران مىڭچە ئەسكەر قۇتۇلالىدى. پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە غەلىبە خام خىيالى بىر كۈندىلا ناپولېئوننىڭ تۆمۈر مۇشتى ئاستىدا بەربات بولدى. بىر چوڭ ھەربىي دۆلەتنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئىش. بىر ئارمىيەنىڭ قوماندانى ئىقتىدارسىز بولسا، ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەسى خاتا بولسا، بۇنىڭدىن نېمىدېگەن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ ـ ھە!

شاھزادە ئاۋگۇستۇسنىڭ گىراناتچى ئەسكەرلەر باتالىيونى يېنادىكى ھەل قىلغۇچى جەڭدە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ھوھېنلوھ قوشۇنى بىلەن بىللە پۇلۇنسلاۋ ئەتراپىغا قېچىپ بېرىۋالدى. كېيىن ھوھېنلوھ قوشۇنى ئادەم ۋە ئاتلىرى بىلەن

بىللە پولونسلاۋدا فىرانسىيە قوشۇنىغا تەسلىم بولغاچقا، شاھزادە قوماندانلىق قىلغان باتالىيوندا قېپقالغان يەتتە ئوفىتسېر ۋە 240 ئەسكەر قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا ماركىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى سازلىقتا فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. شاھزادە ئاساسلىق ئۇرۇش جىنايەتچىسى سۈپىتىدە ئادىيوتانتى كىلاۋسېۋىزنىڭ ھەمراھلىقىدا بېرلىنغا يالاپ ئېلىپ بېرىلدى. چۈنكى، ناپولېئون ئىلگىرى پوتىكول ياۋروپاغا تەھدىت سالغان ئىمپېراتور فىرىدرىخنىڭ ئەۋلادىنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باقماقچى ئىدى.

كىلاۋسېۋىز ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «بېرلىنغا بېرىش سەپىرىدە بىركۈنى سەھەردە بىز ئورانىنبۇرگقا يېتىپ كەلدۇق، شۇ يەرلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئايالى شاھزادىنى تونۇماي ئۇنىڭدىن گىۋاردىيە پوتونلەي ئەسىرگە چۈشتى دېگەن خەۋەر راستمۇ؟ دەپ سورىدى. شاھزادە ئۇنىڭغا بىر ئالىيېپ قويدى ـ دە، جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يەنە: پەرۋەردىگارىم! فىرانسىيەلىكلەر ئۇلارنى پوتونلەي تۇتۇپ كەتسىدى، شۇنداق بولسا ئۇرۇش تېزرەك ئاياغلىشاتتى! دېدى، قارىماققا بۇ سۆز ئانىمىنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغاندەك قىلاتتى.»

بۇ قېتىمقى بېرلىن سەپىرى كىلاۋسېۋىزغا ئۇنتۇلغۇسىز ئىزا ـ ئاھانەت ئېلىپ كەلدى. شەرقىي پىرۇسسىيەدە داۋاملىق ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى، تىنچلىقتىن ئانچە ئۈمىد قالمىغانىدى.

تۇرمۇشتا چىرىكلىشىش، راھەت ـ پاراغەت قوغلىشىش ۋە مىشچانلىق، قابىلىيەتسىزلىك تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن پىرۇسسىيە قوماندانى مىلتىقلىرىنى قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئارقا ـ ئارقىدىن قىسمىغا باشلامچىلىق قىلىپ تەسلىم بولدى. ئەزەلدىن

ئۇرۇشتا غەلىبە قىلماي قالمايدىغان ئارمىيە فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا ھەش - پەش دېگۈچە بەربات بولدى. ئىشتاب زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

1807 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ناپولېئون رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن فىرېيدلاندا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. رۇسىيە ئارمىيەسى تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم ئەسكىرىنى زىيان تارتتى، فىرانسىيە ئارمىيەسىمۇ ئېغىر زىيان تارتتى، ئۇنىڭ رۇسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلغۇدەك مادارى قالمىغانىدى، شۇڭا ناپولېئون ھىيلە ئىشلىتىپ، چار پادىشاھنى فىرانسىيە بىلەن رۇسىيە ياۋروپاغا تەڭ غوجا بولىمىز دەپ ئالدىدى. چار پادىشاھ بۇنىڭغا ئىشەندى، نەتىجىدە فىرانسىيە بىلەن رۇسىيە «تىلزىت شەرتنامىسى»نى تۈزدى.

پىرۇسسىيە 1805 - يىلى چار پادىشاھنى تاشلىۋەتكەنىدى، ھازىر ئۆزى چار پادىشاھ تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى. شۇڭا ئۇ ئامالسىز زېمىنىنىڭ يېرىمىنى قۇربان قىلىش ۋە 100 مىليون 42 مىڭ فىرانك تۆلەم تۆلەش بەدىلىگە ناپولېئون بىلەن ياراشتى.

ئەسكىرى كۈچىنى 42 مىڭدا چەكلەپ قويۇش نەتىجىسىدە، ئىلگىرى دۇنيادا تەڭدىشى يوق دەپ ئاتالغان پىرۇسسىيە ئارمىيەسى ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالدى. پىرۇسسىيە ئەمەلدارلىرى ھاياتىنى فىرانسىيە پادىشاھىغا تاپشۇردى، فىرانسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەرلىرى بولسا كوچىلاردا كۆرەڭلىگەن ھالدا مېڭىپ يۈرۈشتى.

# 7. ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان كۈنلەر

1806 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، كىلاۋسېۋىز شاھزادە ئاۋگۇستۇس بىلەن بىللە بېرلىندىن ئايرىلىپ، فىرانسىيەنىڭ نەنسى دېگەن يېرىگە بېرىپ، يات ئەلدىكى نەزەربەنت ئاستىدىكى تۇرمۇشنى باشلىدى.

كىلاۋسېۋىز بۇ قېتىم بېرلىندا ناھايىتى ئاز ۋاقىت تۇردى. ئۇ مارى بىلەن دوستىنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن بىللە تۇردى.

نەزەربەنت ئاستىدىكى تۇرمۇش كىلاۋسېۋىزغا روھىي جەھەتتە تولىمۇ بېسىم بولدى، ئۇ مارىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز دەك ۋەتەندىن مەھرۇم بولغان پەرزەنتلەر نەگىلا بارساق سەرگەردان بولۇپ قوۋم ـ قېرىنداشسىز ئۆتىدىكەنمىز، يات ئەلدە تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا قەلبىمىز ئازابقا تولۇپ تۇرىدىكەن.»

مارى كىلاۋسېۋىزنىڭ خېتىنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا بەك ئىچى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ خېتىدە «ۋىلللىئام تويىر» (شىللېرنىڭ ئەسىرى) دىكى گېبزىرۇدنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەپ يازدى: «مەن سىزنىڭ سادىق خوتۇنىڭىز، مەن سىزنىڭ غەم ـ قايغۇڭىزنى تەڭ تارتىشىپ بېرىشكە رازى!» بۇ سۆز كىلاۋسېۋىزنى تولىمۇ ھاياجانغا سالدى.

كىلاۋسېۋىز ئىچىدىكى غەم ـ قايغۇ ۋە سېغىنىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن، تىرىشىپ ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلدى ھەمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فىرانسۇزچىنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى مەشىق قىلىپ، كىتاب ئوقۇش ۋە سۆزلەش جەھەتتىكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ئۇ يەنە دۆلەت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە «پاراسەت ئىلاھەسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «1806 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى مۇھىم ۋەقە توغرىسىدا تارىخىي ئالاقە» دېگەن ماقالىسىدە، پىرۇسسىيە دۆلىتىنىڭ گۇمران بولۇشىغا دائىر تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى. ئۇ ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا خەلققە: «ئۆزۈڭلەرنى قەدىرلەڭلار، ئۆزۈڭلەرنىڭ تەقدىرىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلەر!» دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

كىلاۋسېۋىز بىكار ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ بېرىلىپ بىلىم ئالدى. شاھزادە ئاۋگۇستۇس بولسا كۆڭلەپ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەندى. ئۇ ھاراقتا ئامراق بولۇپ، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي ئىشلار ئۈستىدە پاراڭ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ رومانتىك خىيالى توغرىسىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايدا كىلاۋسېۋىز شاھزادە بىلەن فىرانسىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى شەھەر سوئىسونغا كەلدى. شاھزادە بۇ يەرگە كېلىپلا يەنە ھاماقەتلەرچە ئاقنانچىلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى، كىلاۋسېۋىز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇ شاھزادىگە ھەمراھ بولۇپ تىياتىرخانىغا بېرىشنى فىرانسىيە مەدەنىيىتىنى ۋە مىللىي روھىنى چۈشىنىش، فىرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ پۇرسىتى قىلاتتى.

ئۇ سوئىسوندا تۇرغان مەزگىلدە كۆپ ۋاقتىنى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان ھەربىي ئىشلارغا سەرپ قىلدى ھەمدە: «ئاۋستىرىيەنىڭ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشتا تاللىشىغا باب كېلىدىغان ئۇرۇش پىلانى لايىھەسى»نى يېزىپ

چىقتى. ئۇ ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئۆگەنگەن بىلىمى ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدىن پايدىلىنىپ، تېخى پارتىلىمىغان ئۇرۇش ئۇچۇن پىلان تۈزدى. سىياسىي بىلەن ھەربىي ئىشلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدەندى، ۋاقتىدا شەرتنامە تۈزۈش ۋە زېمىندىن مەھرۇم بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. بۇ ئۇ ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق «ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇش»تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك تەييارلىق ئىدى. ئۇ يەنە شاھزادىنىڭ نامىدا بىر تەكلىپنامە يېزىپ، كونا تۈزۈلمىنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە قوشۇننى ئۇزۇل - كېسىل ئىسلاھ قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تىلزىت شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇلارنى ۋەتىنىگە قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. كىلاۋسېۋىز سۆيگىنىدىن مارىغا يازغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر مەن ۋەتەنگە قايتىشقا قانچىلىك تەشنا ئىكەنلىكىمنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. مېنىڭ سادىق يۈرىكىمدىن باشقا ھېچنەرسەم يوق، مەن ئاشۇ يۈرىكىمنىڭ ھېسسىياتقا باي ۋە خۇشال بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەي مارى، مەن سىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە نېمىدېگەن تەشنا - ھە، مەن كۆڭلۈمگە ئارام بېرىدىغان ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلارغا قانچىلىك تەلپۈنىمەن - ھە!»

1807 - يىلى 8 - ئايدا ئۇلار دېئۇ، ساۋلاردىن ئۆتۈپ، شۋېيتسارىيە ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتتى. ئۇلار جەنۋە كۆلى بويىدىن ئۆتكەندە كىلاۋسېۋىز شاھزادە بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى كوپې دېگەن كىچىك بازاردا ئولتۇرۇشلۇق ستائېل خانىمنى يوقلىدى ھەمدە ئۇ يەردە پاسپورتقا ئىمزا قويدۇرۇش ئۈچۈن تۇرۇپ قالدى.

فىرانسىيەلىك مەشھۇر ئەدىب ستائېل خانىم پارىژدا تۇغۇلغان، مۆتىۋەر ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ، كىچىكىدىن ياخشى ئائىلە تەربىيەسى كۆرگەن، ئۇ 12 يېشىدىن ئېتىبارەن شېئىر يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، فىرانسىيە ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى مۇھىم شەخس. ئۇ ناپولېئونغا قارشى چىققانلىق سەۋەبىدىن، 1802 - يىلى پارىژدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. ناپولېئون ھەرقايسى دۆلەتلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئولجىلارنى فىرانسىيەگە ئېلىپ كېتىدىغان چاغدا، ستائېل خانىم ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلغان ھەمدە ئاشۇ دۆلەت خەلقلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقي، مىللىي ئەنئەنىسى ۋە شانلىق تارىخىنى فىرانسىيەگە تونۇشتۇرغان، ئۇنىڭ سالونىغا كىرىپ - چىققانلار ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتىكى مەشھۇر شەخسلەر ئىدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى كىلاۋسېۋىز ئۇنىڭ رومانى «كورىننا»نى ئوقۇغان بولۇپ، ئۇنىڭغا چوقۇناتتى، ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇ ستائېل خانىمنى بىر كۆرۈپلا كونا تونۇشلاردىن بولۇپ كەتتى. كىلاۋسېۋىز بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دەپ يازدى: «ئۇ ناھايىتى پاراڭچى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى قىزىقچى ئىكەن، ئادەم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زېرىكمەيدىكەن...» ستائېل خانىمنىڭ جانلىق ئىدىيەسى، مول سەرگۈزەشتىسى، شۇنىڭدەك كەڭ قورساقلىقى كىلاۋسېۋىزدەك ياش ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ئىدىيەسىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

ستائېل خانىمنىڭ دوستلىرى ئىچىدە سىلگېل ئىسىملىك بىر ئاتاقلىق گېرمانىيەلىك ئالىم بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كىلاۋسېۋىز ئوخشاشلا ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغانلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبى ئوخشاش ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ناھايىتى تېزلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ستائېل خانىم قىزىقچىلىق

قىلىپ ئۇلارنى «قالتىس ئىككى نېمىس» دەپ ئاتايتتى. ئۇلار بۇ خىل ئاتاشتىن پەخىرلىنەتتى. بۇ مەشھۇر ئالىم بىلىمگە تەشنا بۇ ياش ستارشى لېيتىنانتنى كىلاسسىك ئەدەبىيات ساھەسىگە باشلاپ كىردى.

كىلاۋسېۋىز ئۇ يەردە يەنە داڭلىق پېداگوگ پېستالوززى بىلەن تونۇشتى. بۇ پېداگوگ روسسو روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن ياۋروپاغا داڭلىق بىر مەكتەپ ئاچتى. كىلاۋسېۋىز پۇرسەت تاپسىلا ئاشۇ مەكتەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە شۇ يەردە ئۆگەندى. يېڭىچە مائارىپ ئۇسۇلىنىڭ ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى قوزغاش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى نەتىجىسى كىلاۋسېۋىزدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئۇ كوپېدا تۇرغان كۈنلەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردى، ھەر كۈنى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ھەر كۈنى نەتىجىگە ئېرىشتى. ئوبيېكتىپراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاز كەم بىر يىللىق نەزەربەنت ئاستىدىكى تۇرمۇش جەريانىدا، كىلاۋسېۋىز ئۈزۈكسىز ئۆگەنگەچكە، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، سەۋىيەسى ئۆستى، نەتىجىدە ئۇ مول بىلىمگە ئىگە، كەڭ قورساق ئادەملەر يولىغا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، دادىل بىر قەدەم تاشلىدى.

10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئاندىن پاسپورتقا ئىمزا قويۇلدى. يوپۇرماقلار سارغىيىشقا باشلىغان كۈز پەسلىدە ئۇلار ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن پىرۇسسىيەگە قايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 8. ئىسلاھات ئىشلىرىغا قاتنىشىش

پىرۇسسىيەنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ناپولېئوننىڭ كۆچى چېكىگە يەتتى. ئۇ ئىسپانىيە، ئىتالىيە، دانىيەلەرنى بويسۇندۇردى. رۇسىيە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ بىتەرەپ تۇردى. پەقەت ئەنگلىيەلا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى. ناپولېئوننىڭ قارا نىيىتى ئەدەپ، پۈتۈن دۇنياغا غوجا بولماقچى بولدى.

ئۆرۈشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەردىكى ھەر مىللەت خەلقى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قۇل قىلىشىغا نارازى بولۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەممە يەردە ناپولېئون I نىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى. بۇ چاغدا پىرۇسسىيەدىكى بىلىملىك زاتلار جەمئىيەتنىڭ نۇقسانلىرىنى تونۇپ يېتىپ، دادىللىق بىلەن ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلدى.

1807 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ساۋېنھوستنىڭ ئەيلاۋ ئۆرۈشىدىكى نەتىجىسى كۆرۈنەتلىك بولغاچقا، ئۇ گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلدى ھەمدە 1807 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، «ھەربىي ئىشلار ئىسلاھاتى كومىتېتى»نىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ساۋېنھوست يېڭى بىر پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنى بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ناپولېئوننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەھەتتە

نۇرغۇن يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلدى ھەمدە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ساۋېنھۇست ئىسلاھات پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلدى. ئىسلاھات كومىتېتىدىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ گېپى گەپ ئىدى. ئەزالارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كونا تۈزۈلمىنى ھىمايە قىلاتتى. ئۇلار ھەرقانداق ئىسلاھاتقا تۈپتىن قارشى ئىدى. ساۋېنھۇستنى قوللايدىغان پەقەت گېنېرال لېيتېنانت فون گىنېسناۋ، مايور فون بىرون، ياش مايور فون فىلورمان ۋە گېنېرال لېيتېنانت گىراف گىتسىندىن ئىبارەت تۆتلا ئەزا بار ئىدى.

فون گىنېسناۋ مەلۇماتلىق، مۇستەقىل قاراشقا ئىگە ناتىق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتقا باي نۇتقى ئاڭلىغۇچىلارنى بەكمۇ قايىل قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ساۋېنھۇستقا قول قوياتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆزۈمنى مەنۋىيەت جەھەتتىكى بۇ گىگانت ئادەم بىلەن سېلىشتۇرسام ھەقىقەتەن ئەرزىمەس بىرنەرسە دەپ ھېسابلايمەن.» ئۇ ساۋېنھۇستقا ئوخشاش كەسپىي جەھەتتىكى مەنپەئەتنى باشتىن ـ ئاخىر شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۇستۇن قويۇپ كەلدى.

1807 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بارون فون ستېين قايتىدىن ئىچكى كابىنېتنىڭ ۋەزىرلىكىنى ئۇستىگە ئالدى. ئۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ ئىسلاھات تەشەببۇسى بىلەن ساۋېنھۇستنىڭ تەشەببۇسى ئىنتايىن ئوخشاش ئىدى. ئۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىكىلەر زەئىپلەشكەن ۋە پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان بولغاچقا، دۆلەت نامراتلىقتا قالدى، شۇڭا يېڭى بىر كۈچ مەيدانغا چىقسا، ئۇلارنىڭ مالىيە كۈچىگە، ئىمتىيازغا ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولۇشى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سازاۋەر بولغان دېموكراتىك، مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولغان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ.»

ستېين پادىشاھقا: «دېھقانلارنى يانچىلىق تۈزۈمىدىن ئازاد قىلىش ۋە يېڭى شەھەر تەرتىپى ئورنىتىش»تىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئىسلاھات تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1807 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، دېھقانلارنى ئازاد قىلىش بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ماددىلىرى 1810 ـ يىلى كۈچكە ئىگە قىلىندى. ئۆكتەبىر پەرمانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن پىرۇسسىيە فېئوداللىق تۈزۈمىدىن بۇرژۇئا جەمئىيىتىگە ئۆتۈش يولىدا ھالقىلىق بىر قەدەم تاشلاندى. ستېين تۈزگەن «پىرۇسسىيە پادىشاھلىقىنىڭ شەھەر تەرتىپلىرى» فېئودالىق دەرىجە تۈزۈمىنىڭ بىر قىسمى بولغان كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى تۈزۈمىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىكار قىلدى. بۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەركىنلىكى جەھەتتە تاشلانغان مۇھىم بىر قەدەم بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

ئەدلىيە ھوقۇقىنىمۇ ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ستېين مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ھەممە پۇقرا ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى، ھەرقايسى تەبىقىلەرنى يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىماسلىق كېرەك.» مۇشۇنداق بولغاندا، ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىنى ھۆكۈمران سىنىپ دەپ بىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئىمتىيازدىن مەھرۇم بولاتتى.

ستېيىننىڭ ئىسلاھاتى ئارمىيەنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بولۇپ قالدى.

ئىسلاھاتچىلار قوللانغان بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەچكە، ئۇلار كەڭ كۆلەملىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ ئىسلاھاتچىلارغا

زەربە بەردى، ھەتتا يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ كىشىلەرنى قوزغىتىپ، يېڭى پەرمانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قارشى چىقتى. ئۆكتىچىلەر ھەتتا: «ئۈچ قېتىم ئورۇشتىيىت ئۇرۇشى قىلىشقا رازىمىزكى، ئۆكتەبىر پەرمانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا رازى ئەمەسمىز» دېيىشتى.

پىكىر ئىختىلاپى بولغاچقا، كومىتېتنىڭ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئامال بولمىدى. كېيىن پادىشاھ ئۆكتىچىلەرنىڭ بىرنەچچە كاتتىبېشىنى مەجبۇرىي يۆتكىۋەتكەندىن كېيىن، ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ خىزمىتى ئاندىن سەل ياخشى تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى.

1807 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كىلاۋسېۋىز بېرلىنغا قايتىپ كەلدى، ئۇ شاھزادىنىڭ ئاديۇتانتى بولغاچقا، فىرانسىيە ئىشغالىيىتىدىكى بېرلىندا قېپقالدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشالمىدى. بۇنىڭدىن ئۇ ئىنتايىن ئەپسۇسلاندى، لېكىن بېرلىندا ئۇنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدىغان ئىشلارمۇ بولدى. ئۇ بولسىمۇ كىلاۋسېۋىز كۆڭلىدىكى كىشىسى بىلەن ئۇچراشتى.

بۇ قېتىمقى بەختلىك ئۇچرىشىش ئۇلارنىڭ غۇۋا ئەكس ئېتىپ تۇرغان كەلگۈسىدىكى ئەندىشىسىنى يېنىكلىتەلمىدى. ئۇلار كەلگۈسىگە ئانچە ئۈمىدۋار ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە توي قىلالمايتتى، كىلاۋسېۋىز مايورلۇققا ئۆستۈرۈلۈپ ئىقتىسادقا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن توي ئىشىنى ئويلىنىشقا بولاتتى. ئۇنداق بولمىسا ئۇلار تۇرمۇشىنى قامدىيالمايتتى. قائىدە بويىچە مايورلۇققا ئۆسۈش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 12 يىل ۋاقىت كېتەتتى. گەرچە بۇ چاغدا ياۋروپادا ئۇرۇش بولمىسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇراتتى،

ناپولېئونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ پارتلاپ قېلىش ئېھتىمالى مەۋجۇت ئىدى.

مارى كىلاۋسېۋىزنىڭ گېنسبۇرگقا بېرىپ ساۋېنھوست رەھبەرلىكىدىكى ئىسلاھات خىزمىتىگە قاتنىشىشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى، ئېرىنىڭ بىكارچىلىقتا كۆپ ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ پەرىشان قىلغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ كىلاۋسېۋىزنىڭ كۆڭلىنى بەك چۈشىنەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ پەرىشان قىلىدىغىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتلىك مۇناسىۋىتىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ، جامائەت سورۇنلىرىدا بىر خىل ساختا قىياپەتتە تونۇشلاردەكلا مۇئامىلە قىلىشىپ يۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

1808 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، كىلاۋسېۋىز شاھزادە ئاۋگۇستۇس بىلەن گېنسبۇرگقا باردى. بۇ چاغدا ۋىللىئام III نىڭ ئوردىسى ھېمبلىدىن گېنسبۇرگقا يۆتكەلدى. ئىسلاھات كومىتېتىمۇ مۇشۇ يەردە تەسىس قىلىندى. كىلاۋسېۋىز قەلبى خۇشاللىق ۋە ئۈمىدكە تولغان ھالدا گېنسبۇرگقا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاخىر ساۋېنھوستنىڭ يېنىغا كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ پىرۇسسىيەنىڭ ئىسلاھات ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا باشلىدى.

ساۋېنھوستنىڭ بوش ۋاقتى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دوستلار قايتا ئۇچراشقان تۇنجى كۈنى تۆت سائەتتىن ئارتۇق پاراڭلاشتى.

ساۋېنھوست كىلاۋسېۋىزغا ئۆزى تۈزگەن ئىسلاھات پىروگراممىسى ۋە كەلگۈسى تەسەۋۋۇرىنى سۆزلەپ بەردى.

كىلاۋسېۋىز شاھزادىنىڭ ئاديۇتانتى بولغاچقا، بىر مەھەل ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشالمىدى، لېكىن ساۋېنھوست دائىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ،

ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قالدۇرماستىن ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ تۇردى، ھەتتا تېخى دائىم ئىلگىرىكى ئوقۇغۇچىسىدىن ئەقىل سوراپ تۇردى.

كىلاۋسېۋىز گېنىسبۇرگدا تۇرغان مەزگىلدە ستېيىن، ھاردېنبۇرگ قاتارلىق ئىككى ۋەزىر، گىنېسناۋ قاتارلىق ئىستېداتلىق، ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار بىلەن تونۇشتى. بۇ مەشھۇر زاتلار بىلەن بولغان ئالاقە ئۇنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزەرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە گىنېسناۋنىڭ ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 9. باش ئىشتابقا بېرىپ خىزمەت قىلىش

كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈۋەردى. كىلاۋسېۋىز باشتىن ـ ئاخىر شاھزادىنىڭ ئاديۇتانتى بولۇپ ۋاقتىنى ھاماقەتلەرچە ئىسراپ قىلدى. ئۇ شاھزادىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىپ ئايدا 240 مارك مۇئاش ئالاتتى، تاماق ۋە ياتاق ئۈچۈن پۇل خەجلىمەيتتى. مۇبادا قىسىمغا بېرىپ قالسا ئايلىق كىرىمى ئاران 70 مارك بولاتتى. مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قىسىمغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى ئويلايتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى تولىمۇ بىمەنىلىك دەپ قارايتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا مېنىڭ قىسىمغا بېرىشنى ئويلىشىم پەقەت ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىمنىڭ ئىلھامىلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپلىق ئويلانغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايتتى.

ئۇ تاقىتى چېكىگە يەتكەندە ساۋېنھۇستقا ئۆز تەلىپىنى ئېيتتى. ساۋېنھۇست ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىدى، چۈنكى ئۇ ئوفىتسېرلارنى مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە قارشى ئىدى، ئۆزىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. كىلاۋسېۋىز مارىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «كەلگۈسىنى ئويلىسام چوڭقۇر خىيالغا پاتىمەن، قەلبىم ئازابقا تولىدۇ. مەن كىشىلىك ھايات يولىدىكى نىشاندىن ئادىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن، مۇشكۈل مۇساپىلەرنى بېسىپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلماقتىمەن، مەن ئۆزۈمنى ئالىيجاناب ھەم ئۇلۇغۋار نىشان بىلەن زىچ

بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزۈمگە خاس پىرىنسىپاللىق ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى پاكلىقىمنى ساقلاپ، مۇشۇ يولدا ھەر ۋاقىت پىداكارلىق كۆرسىتىشكە تەييار تۇرماقتىمەن.»

1808 - يىلى باش كۈزدە شاھزادە ئاۋگۇستۇس توپچى ئەسكەرلەر قىسمىنىڭ كورپۇس كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. كىلاۋسېۋىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شاھزادىدىن ئايرىلىش قارارىغا كەلدى ھەمدە ساۋىنھوستنىڭ يېنىدا قېلىپ خىزمەت قىلماقچى بولدى.

كىلاۋسېۋىز ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇ ئالدى بىلەن تارىخنى تەتقىق قىلدى. شەھەر خەلقىنىڭ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىگە دائىر تارىخ ئۇنى بەكمۇ جەلپ قىلدى. ئۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئودالىزمنىڭ ئاسارىتىدىن ھەقىقىي تۈردە قۇتۇلۇپ ئازادلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن قوراللىق كۈرەش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىدىيەۋى تونۇشى ساۋىنھوستتىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

كىلاۋسېۋىز تارىخ تەتقىقاتى جەھەتتىكى تەسىراتىنى مارىغا ئېيتقاندىن كېيىن، مارى ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ تاپتا مەنمۇ نۇرغۇن زېھنىي قۇۋۋىتىمنى سەرپ قىلىپ تارىخ تەتقىق قىلىۋاتىمەن، مەن نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ھەيرانلىق بىلەن شۇنى كۆردۈمكى، قەدىمكى زاماندىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ ئەربابلار رەزىل كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا جان پىدا قىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پەزىلەت ۋە قابىلىيىتىنىڭ بەدىلىگە كۆپ ھاللاردا زىيانكەشلىككە ئۇچراش ۋە ياخشىلىققا يامانلىق كۆرۈش تارىخى مەندە ناھايىتى ئاچچىق ۋە ئېچىنىشلىق تەسىر

www.uyghurbook.com

قالدۇردى. لېكىن، ئاشۇ ئۇلۇغۋار كۈرەشلەر جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان ئالىيجانابلىقتا ۋە تېز پۈكمەسلىككە دائىر كۆرۈنۈشلەر كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ ۋە ھاياجانغا سالىدۇ.»

ساۋېنھۇست كىلاۋسېۋىزنىڭ ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمايۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ كىلاۋسېۋىزنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى ئۆزىدىن يۇقىرى ھېسابلاپ، ئۇنى «باش ئەدەبىي يېتەكچى»لىككە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىلاۋسېۋىز پائال تۈردە ماقالە يېزىپ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، ئىسلاھاتچىلارنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىدۇ، ئۇلار تۈزۈپ يولغا قويغان پىلانلارنى تونۇشتۇرىدۇ ھەمدە ئۆكتىچىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىدۇ.

كىلاۋسېۋىز ئاخىر ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ ئۆز ماقالىلىرىدە ئارمىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلىلەرنى ئوچۇق ـ ئاشكارا پاش قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كاللىسى ئىشلىمەيدۇ، ھازىر ئوفىتسېرلار قېرىلىشىپ كەتكەننىڭ ئۈستىدە، ئەسكەرلەرمۇ قېرىلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىغا بارسا جىسمانىي جەھەتتىن بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئارمىيەمىزنىڭ قوراللاندۇرۇلۇشى ياۋروپا بويىچە ئەڭ ناچار، ئەسكەرلەرنى تەربىيەلەش بىر تەرەپلىمىلىك بولۇۋاتىدۇ. ئارمىيەمىز پىرۇسسىيە روھى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، ياۋروپادىكى ئەڭ يېڭى تەرەققىيات ئەھۋالىغا پەرۋا قىلمايۋاتىدۇ، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى يېڭى ھادىسىلەرگە سەل قاراۋاتىدۇ، تەلىم ـ تەربىيەمۇ ئەمەلىي بولمايۋاتىدۇ...» بۇ چاغدا كىلاۋسېۋىز

ئىسلاھاتچىلارنىڭ يادروسىغا يېقىنلاپ قالغانىدى.

شاھزادە ئاۋگۇستۇس كىلاۋسېۋىزنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ پادىشاھقا يوللىغان مەلۇماتنامىسىدە ئۇنى: «ئاجايىپ ئىقتىدارلىق ۋە مەلۇماتلىق ئوفىتسېر، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىپادىسى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى...» دەپ ماختىدى. بۇنىڭ بىلەن كىلاۋسېۋىز ستارشى لېيتېنانتلىققا ئۆستۈرۈلدى.

بۇ مەزگىلدە فرانسىيە ئارمىيەسى بېرلىندىن ئايرىلغانىدى. شاھزادە ئاۋگۇستۇس بېرلىنغا قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتاتتى، بۇ چاغدا كىلاۋسېۋىز شاھزادىدىن ئۆزىنىڭ قىسمىغا يۆتكىلىشكە قوشۇلۇشنى ئۆتۈندى. 1809 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كىلاۋسېۋىزنىڭ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئېشىپ، ئۇ باش ئىشتابقا خىزمەتكە ئەۋەتىلدى، ساۋېنھوست ئۇنى ئىشخانا مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ ئاخىر ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە بىلىمگە تايىنىپ پرۇسسىيە ئارمىيەسىنى ئىسلاھ قىلىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ساۋېنھوست يېزىپ چىققان قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى پىروگراممىسى 1808 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە قىلىندى، ئۇ يېڭىچە پرۇسسىيە ئارمىيەسى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. كىلاۋسېۋىز ئىسلاھات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغاندا ئارمىيەنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىپ كەتتى.

پىروگراممىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن ئارمىيە ئىچىدىكى كەمسىتىش خاراكتېرلىك تەن جازاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. Ⅷ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، Ⅸ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پرۇسسىيە ئارمىيەسى ئىچىنىشلىق تەن جازاسى

بېرىشنى يولغا قويۇش بىلەن پۈتكۈل ياۋروپادا سېسىق نامى پۇر كەتكەندى. كىشىلەر: «پىرۇسسىيە ئارمىيەسىدىكى ئەسكەرلەر خۇددى قۇرۇتۇلغان تېرىسكا بېلىقىغا ئوخشاش قانچە كالتەكلەنسە، شۇنچە ياخشى بولۇپ قالىدۇ» دېيىشەتتى. كىلاۋسېۋىز 12 ياش ۋاقتىدا، مايىنس شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ھەربىي گازارمىدا تۇرغاندا، ئەسكەرلەرنىڭ قاتار تۇرۇپ قامچىلاش جازاسىغا ئۇچرىغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆپ قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئەسكەرلەرنى ئاشۇنداق رەھىمسىزلەرچە قىيناش① خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايتتى، شۇڭا ئۇلار بۇنداق ئارمىيەگە قاتنىشىپ ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىشنى خالىمايتتى.

ھەربىي كالتەك ئارقىلىق ھەرقانداق بىر ئادەمنى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان قىلغىلى بولمايدۇ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان قىلىش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى خەلق ئارىسىدىن ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدىغان ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىش، ئۇلارغا ھايۋانلارچە مۇئامىلە قىلماسلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىش كېرەك.

گىنېيسناۋ «ئاممىنىڭ دوستى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان «دۇمبىنىڭ ئازاد قىلىنىشى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىر مىللەت چوقۇم ئۆزىنى ھۆرمەتلىشى، باشقا دۆلەت خەلقلىرىنى كەمسىتىدىغان ئىشلارغا يول قويماسلىقى كېرەك... مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەشنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن

① قاتار تۇرۇپ قامچىلاش جازاسىنى 200 ئادەم ئىجرا قىلىدۇ، بۇ 200 ئادەم قولىغا تۇزغا چىلانغان تاياقنى ئېلىپ ئىككى تەرەپتە قاتار بولۇپ تۇرىدۇ، جازالىنىدىغان ئەسكەر يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ. ئىككى تەرەپتە تۇرغانلار ئۇنى جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇپ تېرىلىرىنى تىتىۋېتىدۇ. جازالانغۇچىنىڭ نالە ـ زارىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپتىكى جەڭ دۇمباقلىرى گۇمبۇرلەپ تۇرىدۇ. تاياق يېگەنلەر ئادەتتە جازادىن كېيىن جەسەت ساندۇقىغا كىرىدۇ.

ئالدى بىلەن دۆمبىنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىنى جاكارلاش كېرەك. ئەگەر بىز بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارىساق، ئۇنداقتا مەدەنىيلىك جەھەتتىكى تەلەپتىن ۋاز كېچەيلى، يەنە كېلىپ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەسكەرلەرنى دۇرۇس ئەخلاققا ئىگە قىلىمەن دەپ داۋاملىق كالتەكلەۋەرسەك، ئۇلارنىڭ ئەسكەر بولۇش شەرەپلىك دەيدىغان ھېسسىياتىدىن پايدىلىنالمايمىز.»

پىروگرامىمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھەربىر ئەسكەر دەرىجە ئۆستۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدىغان، بىر ئادەمنىڭ ئوفىتسېر بولۇش ـ بولالماسلىقى ئۇنىڭ ئائىلە نەسەبى ۋە سالاھىيىتىگە باغلىق بولمايدىغان، ئۇنى پەقەت شۇ كىشىنىڭ بىلىم سەۋىيەسى ۋە باتۇرلۇقى، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىرلىقى بەلگىلەيدىغان بولدى.

ساۋېنھۇست ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىقتىدارىغا ئىگە زور بىر تۈركۈم ئەرلەرنى ھەربىي مەشىققە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، تېز ئەسكەر بولۇش تۈزۈمى دەپ ئاتايدىغان بىر خىل يېڭىچە تەلىم ـ تەربىيە تۈزۈمىنى ئورناتتى. تېز ئەسكەر بولۇش① دېگەن بۇ ئاتالغۇدىن ناھايىتى تېزلا ھەممە ئادەم خەۋەردار بولدى. كۆپچىلىك بۇنى ناھايىتى تېزلا چۈشەندى، بەزىبىر مۇرەككەپ ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي زور بىر قىسىم پۇقرالار ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

ئىسلاھاتچىلار دۆلەتنىڭ فىرانسىيەگە ناھايىتى كۆپ تۆلەم تۆلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان غايەت زور قىيىنچىلىقىغا قارىماي، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تىرىشىپ ئىزچىللاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار بىر تەرەپتىن

① بۇ ئاتالغۇ 1813 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى فىرانسىيە ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەمۇرىي يېتىشتۈرۈلگەن پىرۇسسىيە ئەسكەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى

شەرتنامە ئۆزلىرىگە تاڭغان تۇرلۇك چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆكتىچىلەر بىلەن ئۇزۇكسىز كەسكىن كۈرەش قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھاتچىلار ھەربىر ئىشتا نەتىجىگە ئېرىشتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

كىلاۋسېۋىز ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى ۋاقىتتا ئارمىيەدىكى ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشكۈن، دۆلەت كۈچى ئاجىز ئىدى، شۇڭا بارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرى كۈچلۈك چەكلىمىگە ئۇچرىغانىدى، ئىچكى قىسىمدا توخۇ يۈرەكلەر گۇرۇھى قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. شەرتنامىنىڭ چەكلىمىسى ئىچىدىكى ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە ئارمىيەنى بەرپا قىلغان ۋە ئۇنى مەشىق قىلدۇرغاندىن سىرت، يەنە ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىشلارنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كونا قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جىددىي پەيتتە ھەربىي كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن ئاساس سالدى.»

گىنېسناۋ كىلاۋسېۋىز بىلەن ساۋىنھۇستىنىڭ يېقىن دوستلۇقى ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىكى ھەمكارلىقى توغرىسىدا كېيىن كىلاۋسېۋىزغا مۇنداق دەيدۇ: «سىز ساۋىنھۇستىنىڭ يوھانى، مەن پەقەت ئۇنىڭ پېترى.»①

① بۇ «ئىنجىل»دىكى قىسسەلەرگە تەقلىد قىلىنغان سۆز، يوھان ئەيسانىڭ ئەڭ يېقىن مۇرتى، پېتر ئەيسانىڭ ئەڭ قەيسەر، يارامىلىق مۇرتى.

# 10. ئاۋسترىيە ئارمىيەسىگە بېرىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قارارىغا كېلىش

1808 ـ يىلى يازدا ئىسپانىيە خەلقى ناپولېئونغا قارشى تۇرۇپ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش بويىچە كەڭ كۆلەملىك قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. پارتىزانلىق ئۇرۇشى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەۋج ئالدى، ھەربىر ئورمانلىق، ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاق تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ قەبرىگاھىغا ئايلاندى. ناپولېئوننىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيەسى ئىسپانىيە خەلقىنى ھەم بويسۇندۇرالمىدى، ھەم ئۇز ئىرادىسىنى ئۇلارغا تاڭالمىدى. قانلىق كۈرەشلەر ئارقىلىق ئىسپانىيە خەلقىنىڭ ناپولېئونغا قارشى كۈرىشى ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش فىرانسىيە ئارمىيەسىنى پارچىلىدى، ئىسپانىيە خەلقىنى چېنىقتۇردى.

ئىسپانىيە خەلقى قولغا كەلتۈرگەن ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئاۋسترىيەدىمۇ فىرانسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1809 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ ئارمىيەسى ئاسلىنگېندا قانلىق ئۇرۇش قىلدى، ئىككى كۈنگىچە ھېچقايسى تەرەپ يېڭەلمىدى، لېكىن فىرانسىيە ئارمىيەسى ئېغىر زىيان تارتتى، ناپولېئون يېڭىلمەستۇر دېگەن ئەپسانىگە كىشىلەر ئانچە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ھال مۇقەررەر ھالدا ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشۇردى.

ساۋېنھۇست ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى پىرۇسسىيەنىڭ ناپولېئونغا ھۇجۇم قوزغاش پۇرسىتى يېتىپ كەلدى دەپ قارىدى. ساۋېنھۇست پادشاھقا يوللىغان مەكتۇپىدا، پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان ئەسكىري كۈچىنىڭ 120 مىڭغا يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قوزغاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەپ يازدى: «مەن ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايمەن؛ ئەلۋەتتە مەن پادشاھ ئالىيلىرىغا پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ناپولېئونغا قارشى ھۇجۇم قوزغاش تەكلىپىنى بەرمىسەم، ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن.»

پىرۇسسىيە مارشالى بىرۇھېلىمۇ پادشاھتىن قىسمىنى باشلاپ ئېلبا دەرياسىدىن ئۆتۈپ باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن ئۆلكىلەرنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا يوليورۇق سورىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەركىنلىك ئۈچۈن ياشايمەن، شۇنداقلا ئەركىنلىك ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلىمەن، ئالىيلىرى، پۇرسەت غەنىيمەت...»

كىلاۋسېۋىزمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئاسارەتتىن قۇتۇلىدىغان، دۆلەتنى ئازاد قىلىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى دەپ قارايدۇ، ئۇ لايىقىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «... ئەگەر فىرانسىيە ئارمىيەسى بەزى جايلاردا مەغلۇپ بولسا، بۇ ناپولېئوننىڭ باشقا جايلاردا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنىڭ تۈگەشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. خەلقىمىز ئويغىنىپ بىرلىكتە قارشىلىق كۆرسەتسە، بۇنىڭدىن ئۈمىد ناھايىتى زور.»

ئىسلاھاتچىلار ئىچىدىكى مەيدانى ئەڭ قەتئىي گېنىيسناۋ خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ناپولېئونغا قارشى تۇرۇشقا

چاقىردى. ئۇ بىر پارچە ئەسلەتمىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «بىر خىل غايەت زور كۈچ بار، ھۆكۈمەت ئەزەلدىن ئۇنىڭغا سەل قاراپ ياكى ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەلدى... مانا بۇ خەلقنىڭ قوراللىنىشىدىن ئىبارەت.» گىنېسناۋ يەنە ئومۇمەن ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان دېھقانلارنىڭ تۆرلۈك ۋەزىپىلىرى ۋە باج ـ سېلىقلىرى بىردەك مەڭگۈلۈك كەچۈرۈم قىلىنىشى كېرەكلىكىنى، مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تۆرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىشقا دائىر تەپسىلىي بىر تەكلىپنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ھەممە جايدا ئاممىنى قوزغىلاڭغا سەپەرۋەر قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

بۇ خىل دادىل تەشەببۇس پادىشاھ ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى كۆپلىگەن ئەربابلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. چۈنكى، ئومۇميۈزلۈك ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلسا ۋە ئامما قوراللاندۇرۇلسا، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازدىن مەھرۇم قېلىشى ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ خىل تەشەببۇسقا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇردى. خەلق ئارمىيەسى تەشكىل قىلىش كېرەكمۇ ياكى داۋاملىق ناپولېئوننىڭ ھاكىمmۇتلەق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ دېگەن ئىككى يول مەسىلىسىدە، پىرۇسسىيە پادىشاھى بۇ ئىككى يولنىڭ كېيىنكىسىنى تاللىدى.

بۇ چاغدا مايور فون ھىل ئىقتىدارسىز پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈپ، بېرلىندىكى بىر قىسىم گارنىزون قىسمىغا باشلامچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى ھەمدە خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىردى. مارى كىلاۋسېۋىزغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «قەھرىمانىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى، ئۇ

كۆپلىگەن جايلاردا قىزغىن قارشى ئېلىنىۋاتىدۇ، ئۇ ھالدا پىرۇسسىيەنىڭ بۈركۈت سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايرىقىنى چىقىرىپ ئەسلىدىكى ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ھەربىيلەرنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنۇش پىرىنسىپى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھىلىغا ئوخشاش ئادەملەرنى ھېچكىم قوللىمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، مەن بۇ قەھرىماننىڭ قەتئىي ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئېلىپ بارغان ھەرىكىتىگە تولىمۇ قايىل.»

كىلاۋسېۋىز ھىلىنىڭ ھەققانىي ئىش قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھىلىغا چوڭقۇر ئاپىرىن ئوقۇيمەن، چۈنكى ھىلىنىڭ ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئىنتايىن قەيسەر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى تولىمۇ ئالىيجاناب ھەرىكەت، ئۇ بىز دەسلەپتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ خىزمەتتە خاتالاشتى دەپ قارىغان قىلمىشىنى ھەققانىي ھەرىكەتكە ئۆزگەرتتى. روشەنكى، كونىلىقنى ياقلىغۇچى تۆرىلەر ئىنقىلابتىن قورقۇپ مەيۇسلۇك ۋە ئالاقزەدىلىك ئىچىدە قالىدۇ.»

كىلاۋسېۋىز ھىلىنىڭ باتۇرلارچە قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھىلىنىڭ ئۆلۈمىدىن مەن ئىنتايىن قايغۇردۇم، مۇبادا مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام باشقىچە يول تۇتقان بولاتتىم... ئەگەر ئۇنى خاتالىق ئۆتكۈزدى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ خاتالىقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى جەھەتتىكى خاتالىقتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، مەن ئۇنىڭ تەقدىرىگە تولىمۇ ھەۋەس قىلىمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ شەرەپلىك، ئۆلۈمىمۇ شەرەپلىك بولدى. مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە خۇددى ئەڭ سۆيۈملۈك قېرىندىشىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك قاتتىق ئېچىنىمەن.»

پىرۇسسىيە پادىشاھى ھىلىغا ھېسداشلىق قىلغان بىرلىنىنىڭ

ياش ۋالىيسى ۋە بىر تۈركۈم ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. بۇ ئىشتا پىرۇسسىيە پادىشاھى ئادەتتىكى پوزىتسىيەسىنى تامامەن ئۆزگەرتىپ، ئۆز شىجائىتىنى ئىپادىلىدى، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان بۇنداق ھەرىكىتىدىن ناپولېئوننىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى.

كۆپلىگەن ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرلەر پادىشاھنىڭ بۇ خىل رەزىل قىلمىشىدىن ئۆز ئىشەنچىنى يوقاتتى. پىرۇسسىيە گېنېرالى گىرولمان پىرۇسسىيە ئارمىيەسىدىن ئايرىلىپ ئاۋستىرىيە ئارمىيەسىگە قاتناشتى؛ گىنىپسناۋ ئەنگلىيەگە كېتىشكە تەييارلاندى؛ كىلاۋسېۋىزمۇ پىرۇسسىيە ئارمىيەسىدىن ئايرىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ مارىغا خەت يېزىپ مۇنۇلارنى ئېيتتى: «مەن ئاۋستىرىيە ئارمىيەسىگە بېرىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قارارىغا كەلدىم.» ئۇ گىنىپسناۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن گېنسبۇرگتا تۇرۇشلۇق ئاۋستىرىيەلىك پولكوۋنىك سىتېگېنتىس بىلەن ئالاقىلاشتى. پولكوۋنىك ئۇنى كىنەز كارل ۋە گېنېرال ۋىمپفېنغا تونۇشتۇرۇشقا قوشۇلدى ھەمدە ئۇنى ئىشتابتا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى.

كىلاۋسېۋىز مارىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن جاۋابقا ئېرىشتىم. ئاندىن دەرھال بۇ يەردىن ئايرىلىپ ئاۋستىرىيەگە باردىم. ئۇ يەرگە بارغۇچە ئەلۋەتتە بىرلىنىدىن ئۆتىمەن. قەدىرلىك مارى، مەن ئۆز ئىشىم ئۈچۈن تەلىيىمنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشالمەن، سىزنىڭمۇ مېنىڭ بۇ خۇشاللىقىمدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن... مەن ئاخىر يەنە ئاشۇ رەھىمسىز ئوقلارنىڭ ھاكاۋۇر، نومۇسسىز فىرانسىيەلىكلەرگە ئېتىلغانلىقىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن قەۋەتلا خۇشال بولۇۋاتىمەن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1809 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسى بىلەن ئاۋستىرىيە ئارمىيەسى ۋاگرامدا زور ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. بۇ چاغدا كىلاۋسېۋىزنىڭ ئاۋستىرىيە قوشۇنىغا قاتنىشىش پىلانى تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. 1809 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كىلاۋسېۋىز ساۋېنھوست بىلەن بىللە بېرلىنغا قايتتى.

ئاۋستىرىيە ئارمىيەسى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. ناپولېئون يەنە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئارمىيەسىدىكى خىللانغان قىسىملار قالمىغانىدى، يېڭىدىن تولۇقلانغان ياش ئەسكەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇيسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇشقا زورلۇق بىلەن قاتناشتۇرۇلغانىدى.

بۇ مەزگىلدە ئىسپانىيەدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قازاندى. گېنېرال دۇپۇنت قوماندانلىق قىلغان 18 مىڭ فىرانسىيە ئەسكىرى ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كىچىك شەھەر بائىلوندا ئىسپانىيە قوشۇنىغا تەسلىم بولدى. بۇ چاغدا خەلق ئاممىسى بۇ پاكىنەك كورسكالىق[1] ئۈستىدىن تامامەن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا تېخىمۇ بەك ئىشىنىدىغان بولدى.

① كورسكالىق ــ ناپولېئون I نى كۆرسىتىدۇ، كورسكا ئارىلى ناپولېئون تۇغۇلغان جاي.

# 11. كۆڭلىدىكى كىشىسى بىلەن ئائىلە قۇرۇش

داۋالغۇپ تۇرغان ئاشۇ يىللاردا كىلاۋسىيۇ ىز بىلەن مارىنىڭ مۇھەببىتى تۈرلۈك سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى.

مارىنىڭ كىلاۋسىيۇ ىز بىلەن بولغان قويۇق بېرىش - كېلىشى مارىنىڭ ئانىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ ئۇلارنىڭ باردى - كەلدىسىگە يول قويمىدى. كىلاۋسىيۇ ىزنىڭ مارىنىڭ يېنىدا يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ قەتئىي پوزىتسىيە بىلەن قىزىغا قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى «بىكارچى، تەقدىرگە تايىنىپ جان باقىدىغان تەۋەككۈلچى»نى تاشلىۋېتىشكە ئۈندىدى، مارىنىڭ ئانىسى كىلاۋسىيۇ ىزنى شۇنداق ئاتايتتى.

مارىنىڭ ئانىسى كىلاۋسىيۇ ىزنى پوچى، ئادەمگەرچىلىكى يوق، دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق مۇھەببەت دەپ زاڭلىق قىلاتتى. ئۇ يەنە باشقىلارغا كىلاۋسىيۇ ىزنىڭ ئورغۇن يامان گېپىنى قىلىپ بەردى. ئۇ قىزىنى ئۆزىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ قارايدىغان، مارىنۇۋېردىتكى مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گىراف ئالېكساندىر دونناغا ياتلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. شۇڭا قىزىنى كىلاۋسىيۇ ىز بىلەن قىلىشقان توي ۋەدىسىنى بىكار قىلىپ، دەرھال دونناغا ياتلىق بولۇشقا قىستىدى ھەمدە بىرنەچچە ھەپتىگىچە ئۇنىڭ دونناغا ياتلىق بولۇشنىڭ پايدىسىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ بەردى. ئۆزىنىڭ ياخشى دوستى سىتېپىننى تونۇشتۇرغۇچى قىلدى. ئەمما، قىزىنىڭ كىلاۋسېۋىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يوشۇردى. سىتېپىن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ تەلىپىنى خۇرسەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. كىلاۋسېۋىز ئويلىمىغان يەردىن مارىنىڭ ئانىسى تەرەپتىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا مارىدىنمۇ خەت كەلدى. مارى خېتىدە ئانىسىنىڭ ئۇنى دۇنيا بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى دەردىنى ئېيتقانىدى.

كىلاۋسېۋىز دەرھال ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ مۇنۇلارنى ئېيتتى: «قەدىرلىك مارى، سىز تارتىۋاتقان ئازاب ـ ئوقۇبەت مېنى تولىمۇ ئازابلاۋاتىدۇ... بەزىلەر مېنى ئادەمگەرچىلىكى يوق دەپ قارايدۇ ھەمدە ھەمىشە مېنى ئەيىبلەيدۇ، لېكىن ناۋادا مۇشۇ بىر نۇقتا مېنى ئەيىبلەشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى قىلىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئىللەت ماڭا زورمۇزور تېڭىپ قويۇلغانلىق بولىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ سۆزىدە قەستەنلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇنىڭ ھەقىقىي كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى ئائىلە نەسەبى، ئورۇن ۋە مال ـ مۈلۈكتىن ئىبارەت...» ئۇ مارىغا سىتېپىندىن رەنجىمەسلىكنى، چۈنكى ئۇنىڭ تونۇشتۇرغۇچى بولۇشقا ماقۇل بولۇشىمۇ ئانىسىنىڭ دوستلۇقى ۋە مارىغا بولغان ياخشى كۆڭلى ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ مارىنىڭ ئانىسىدىن ئاغرىنمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مېنىڭ ئەيىبلىگۈدەك ھېچقانداق يېرىم يوق دەپ قارىشىمۇ مۇقەررەركى مارىنى تويدىن كېيىن بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

كىلاۋسېۋىز خېتىدە مۇنداق دەپ يازدى: «بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن

كەچۈردى... بىز ئاللىقاچان توي قىلىشنى بېكىتىپ بولدۇق، ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بىزنىڭ توي قىلىش ۋەدىمىزنى بۇزالمايدۇ؛ مەن سىزنى پۇشايمان يەپ قالارمۇ دەپ ئەندىشە قىلمايمەن، مەن سىزنىڭ ئىدراكىي جەھەتتە توي ۋەدىسىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەم ھەرگىزمۇ ئۆز ۋىجدانىنى ساتمايدۇ. ئىدراكىي جەھەتتىكى بىردىنبىر تەلەپ: تاللاشتىن بۇرۇن چوڭقۇر ئويلىنىش، تاللاپ بولغاندىن كېيىن باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشماسلىقتىن ئىبارەت.»

مارىنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇنى دونناغا ياتلىق قىلىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى. مارىنىڭ كىلاۋسىۋىز بىلەن بولغان مۇھەببەتتى سەممىي ۋە مۇستەھكەم ئىدى، ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن يانمايدىغانلىقىنى كۆپچىلىك ئوبدان بىلەتتى، ھەتتا مارىنىڭ ئانىسى مارىنى ماقۇل قىلىشقا ياردەمگە چاقىرغان فون بېرگېر خانىممۇ تەپسىلىي ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇھەببىتىگە ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلدى. كېيىن مارىنىڭ ئانىسى ئۇنى دوننا بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن كىلاۋسىۋىز بىلەن يەنىلا خۇشى يوق ئىدى.

بىر قېتىم خانىش لۇئىس[1]نىڭ ئوردىسىدىكى بىر كەچلىك زىياپەتتە پادىشاھنىڭ ھەربىي ئاتاشىسى كۆپچىلىككە ستېپىننىڭ مارى بىلەن دوننانى تېپىشتۇرماقچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. كىلاۋسىۋىز كىشىلەر بۇرۇنلا ئۇنتۇپ كېتىشكە تېگىشلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى، ئىچىدە ئۇنىڭغا بەكمۇ ئاچچىقى كەلدى. لېكىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ مارىغا ئاپىرىن ئوقۇغان تەلەپپۇزدا قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

① پىرۇسسىيە پادىشاھى فرىدرىخ ۋىلھېلم III نىڭ خوتۇنى.

مارىنى تولۇق چۈشىنىدىغان گېنېرال كېررويۇز يېرمولىك يېنىدا ئولتۇرغان كىلاۋسېۋىزغا قاراپ، بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق خوتۇنى بولسا ئۇ ئەڭ بەختلىك بولىدۇ دېدى. گەپنى ئاڭلاپ كىلاۋسېۋىز يۈزلىرى قىزىرىپ، ئىزا تارتىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە گېنېرالنىڭ ئۇنىڭ مارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىرنەچچە قېتىم پەم ئېتىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى ھەمدە مارىنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىمى ئىكەنلىكىدىن بەختلىك ھېس قىلدى. 1810 ـ يىلى يازدا كىلاۋسېۋىز باش ئىشتابقا مايورلۇققا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ بىلىمى ئەتراپلىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە تەربىيەلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، بېرلىندىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ تاكتىكا ۋە ئىستراتېگىيە دەرسى ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە قوشۇمچە 15 ياشلىق شاھزادىگە دەرس بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالدى.

كىلاۋسېۋىز ئاخىر يەتتە يىل دەردىنى تارتقان سۆيگىنى مارى بىلەن توي قىلدى. ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن كىشىلەر ھەيران قېلىشتى. چۈنكى، ئوردا ئىچى ۋە ئاقسۆڭەكلەر دائىرىسى ئىچىدە كىشىلەرنىڭ دائىم دېيىشىپ يۈرىدىغىنى سىتېپىن ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۈرمەكچى بولغان ھېلىقى توي ئىدى. كىشىلەر مارىنىڭ گېپىنى قىلىشقاندا، كىلاۋسېۋىز زادىلا ئېغىز ئاچمىدى، ئۇلار مارىنى گىراف دونناغا ياتلىق قىلماقچى بولغان ئىشلارنى سۆزلەشسىمۇ، مەيلى كىم بولسۇن، مارىنى ئالالىغان ئادەمنىڭ ئامەتى كېلىدۇ دېيىشسىمۇ ئۇ پەقەت تىنمىدى. ئەمما، مارى ناھايىتى ئازابلاندى: ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ كىلاۋسېۋىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا زادىلا ئېغىز ئاچالمايتتى.

مانا ئەمدى بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. ئۇلار ئەمدى ئارام تاپتى. بۇ كۈننى ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈپ كەلگەنىدى. 30 ياشقا كىرىپ قالغان، گۈزەل يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى كۈچلۈك ۋە سەمىمىي، مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ئىدى.

1810 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، كىلاۋسېۋىز بىلەن مارى بېرلىندىكى مارى چېركاۋىدا بىر دوستىنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشى بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئۇلار مېكلېنبۇرگتىكى بىر دوستىنىڭ يېنىدا شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈشكە ماڭدى.

ئۇلار زېرىكىشلىك قىش كۈنلىرىدە خىلۋەت يېزىدا بەختلىك مىنۇتلارنى ئۆتكۈزدى. ئۇلار كۈندۈزى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ئورمانلىق ۋە دالالارنى سەيلە قىلدى؛ كەچتە ئوت يورۇقىدا تام مەشكە يېقىن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. تۇرمۇش بەختلىك ھەم گۈزەل، ئۇ شېئىرىي ھېسسىياتقا باي كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىدىن ئاخىر شېرىن خۇلاسە چىقتى.

1811 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كىلاۋسېۋىز ئايالى بىلەن سىلېزىيەدىكى كۇربېۋۇ ئارشىڭغا داۋالانغاچ دەم ئېلىشقا باردى. ئۇ بۇ چاغدا ئەمدىلا 31 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئېغىر رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. بۇنى ئۇنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى دالادا يېتىپ ـ قوپۇپ ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشى ۋە ئۇرۇش جەريانىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى كەلتۈرۇپ چىقارغان بولسا كېرەك. كىلاۋسېۋىز ئۇ يەردە ۋاقىت بولسىلا مارى بىلەن تاغلارنى سەيلە قىلدى. ئۇلار خېلى بۇرۇنلا سىرتلارغا چىقىپ تاغ ـ دەريالارنى سەيلە قىلىشنى، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى ئويلىغانىدى، بۇ ئارزۇسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurqap.com

ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى.

بۇ يىل ئۇ ئىككىيلەنگە نىسبەتەن خاتىرجەم، تىنچ ئۆتكەن بىر يىل، شۇنداقلا ئارامخۇدا جەم بولغان بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىلنى ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك بىر يىل دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

# 12. رۇسىيەگە سەپەر

ئاۋستىرىيەدىكى ناپولېئونغا قارشى ئۆرۈشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى پىرۇسسىيەگە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى، سەزگۈر ناپولېئون بۇنىڭدىن مۇنۇلارنى سېزىۋالدى: پىرۇسسىيەدىكى ئىسلاھاتچىلار پىرۇسسىيە ئارمىيەسىگە يوشۇرۇنغان، فىرانسىيە خەلققە تايىنىپ ئىنقىلاب قىلىدۇ، ئەمما پىرۇسسىيە ھەربىي قىسمىغا تايىنىپ ئىنقىلاب قىلىدۇ. پىرۇسسىيەدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆلغىيىپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىرۇسسىيەدىكى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىمۇ ئۆز ئىمتىيازىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشنى خالىمايدۇ.

1809 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ستېين ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاۋستىرىيەگە باردى؛ يازدا گىنېسناۋ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ ئەنگلىيە ۋە رۇسىيەلەرنى ئايلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ناپولېئوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ساۋېنھوستىنىڭ ھەربىي سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئارمىيەنى ئىسلاھ قىلىش ئىشى توختاپ قالدى.

ۋەزىر فون ھاردېنبۇرگ ستېيننىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ ئىلگىرى باش ۋەزىر بولغان، ناپولېئوننىڭ بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن 1807 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان.

بۇ قېتىم پادىشاھ ئۇنى يېڭىباشتىن ئىشقا قويغاچقا، ئۇ ئۆرۈش چىقىمىنى تۆلەشكە ئامال تېپىشقا ئاسانلا ماقۇل بولدى. ھاردېنبۇرگ بىر تەرەپتىن فىرانسىيەنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ، ناپولېئوننىڭ پىرۇسسىيەگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشى ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋەب قالدۇرمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلگىرىكى سىياسەتلەرنى داۋاملىق يۈرگۈزدى. ساۋېنھوستىننىڭ يوشۇرۇن رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن پىرۇسسىيەدە ئۆرۈشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى پائال ئىشلەندى. ھاردېنبۇرگقا ئۆرۈشقا تەييارلىق قىلىش پائالىيىتىنى بارلىق كۈچى بىلەن قوللىدى. بېرلىن ۋەتەنپەرۋەر زاتلار يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەزگە ئايلاندى.

1810 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گىنېسناۋ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پېتىربۇرگ بىلەن پارىژدىن كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر خەۋەر، يەنى ناپولېئوننىڭ رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلغانلىق خەۋىرى تارقالدى. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋەتەنپەرۋەرلەرنى كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىدكە ئىگە قىلدى. ئۇلار پۇرسەت كەلدى دەپ قاراپ، ئۆرۈش پارتلىغان ھامان ناپولېئونغا قارشى ھۇجۇم باشلىماقچى بولسا، مۇقەررەركى ناپولېئون پىرۇسسىيەنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، خەلق ئارقا ـ ئارقىدىن پادىشاھتىن رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تاجاۋۇزچىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

گىنېسناۋ ئۆزى تۈزۈپ چىققان «خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تەييارلىق پىلانى»نى پادىشاھقا سۇندى، بۇ پىلان ئىسپانىيەنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشىدىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەنىدى. پادىشاھ باش ۋەزىر ھاردېنبۇرگقا بۇ پىلاننى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «كاللىسى قىزىپ غالجىرلاشقان ئادەملەرلا

مۇشۇنداق تەلۋىلەرچە ھەرىكەت پىلانىنى ئويلاپ تاپىدۇ، مەن ئۇنى كۆرۈپ بېشىم ئايلىنىپ كەتتى.» گىنېيسناۋ بېرلىندا پادىشاھقا بېسىم ئىشلىتىۋاتقاندا، ساۋېنھوۋست پودپولكوۋنىك تىدمانغا ھەمراھ بولۇپ، كىچىك ئەمەلدار سىياقىدا ياسىنىپ، بىر تۈرلۈك مەخپىي مۇھىم دىپلوماتىيە ۋەزىپىسى بىلەن، دېھقانلارنىڭ ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ رۇسىيەنىڭ پېتربۇرگ شەھىرىگە باردى.

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى تەۋەككۇلچىلىك بىلەن قىلغان سەپىرى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئۇ چار پادىشاھنى پىرۇسسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ھەقىقىي ئىشەندۈردى. رۇسىيە ـ پىرۇسسىيە ئىتتىپاقى شەرتنامىسىنىڭ لايىھەسى تۈزۈلگەندىن كېيىن، ساۋېنھوۋست شۇئان بېرلىنغا قايتتى. ئارقىدىنلا باش ۋەزىر ھاردېنبۇرگ ئۇنى يەنە ئوخشاش مەخپىي ۋەزىپە بىلەن ۋېناغا ئەۋەتتى. ئاۋستىرىيە باش ۋەزىرى مېتتېرنىخنىڭ پىرۇسسىيە بىلەن بەكلا خۇشى يوق ئىدى. ئۇ يالغاندىن يېقىنچىلىق قىلىۋاتقاندەك مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، ساۋېنھوۋستقا: «ھازىر ئاۋستىرىيەنىڭ ھېچقانداق ھەرىكەت قوللىنىش ئىقتىدارى يوق» دېدى.

ساۋېنھوۋستنىڭ ۋېنادا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، فىرىدرىخ ۋىللىئام قورقۇپ كېتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاپىلا ـ شاپىلا رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش شەرتنامىسىنى رەت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە فىرىدرىخ ۋىللىئام ناپولېئوننىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا فىرانسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە قوشۇلدى ھەمدە 20 مىڭ كىشىلىك پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنى رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشتۇرۇش، فىرانسىيە ئارمىيەسىنى رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشتۇرۇش، فىرانسىيە ئارمىيەسىنى زور مىقداردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ پىرۇسسىيە زېمىنىدىن ئەركىن ئۆتۈشىگە يول قويىدى. شۇنىڭدەك فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ گېنېرال ۋە مارشاللىرىنىڭ پىرۇسسىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى، فىرانسىيە ئارمىيەسى باش ئىشتابىنىڭ تەستىقسىز ئىشتابنىڭ ئەسكەرلىرىنى يىغىش ۋە يۆتكەش ھوقۇقى يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلدى.

كىلاۋسېۋىز پىرۇسسىيە گېنېراللىرىنىڭ ناپولېئون بىلەن بىللە ئۆز دۆلىتىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىنى ئويلىغىنىدا، بۇ خىل نومۇسسىز قىلمىشىغا چىديالماي قالدى. 1808 ـ يىلى ئىسپانىيەدە فىرانسىيەگە قارشى خەلق ئۇرۇشى پارتلىغاندا، ئۇ ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشماقچى بولدى. 1809 ـ يىلى ئاۋستىرىيە فىرانسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندا، ئۇ يەنە ئاۋستىرىيە ئارمىيەسىنىڭ باش ئىشتابى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا تەييارلىق كۆردى، ئاخىرىدا پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ھازىر ئۇ فىرانسىيەنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئارمىيەدە داۋاملىق تۇرۇشنى خالىمىدى، شۇڭا ئۇ پىرۇسسىيە ئارمىيەسىدىن ئايرىلىپ، رۇسىيەگە بېرىپ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش قارارىغا كەلدى.

كىلاۋسېۋىز قىسمىدا تۇرغان 20 يىلدا ھەربىيلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ قەدەمنى بېسىش ئوڭاي ئەمەس. ئوفىتسېر بولغان ئادەم خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. ھۆكۈمران مۇبادا خەلقىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ خەلقىدىن ئۆزىگە سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، دوستلىرى بىلەن ئۇنىڭ پىكرى تامامەن ئوخشاش چىقتى، ساۋېنھوست، گىنېيسناۋ قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى.

كىلاۋسېۋىز ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېتىقادى ۋە ۋەتەندىن ئايرىلىش سەۋەبىنى شەرھلەش، ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ھەققانىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، 1812 ـ يىلى 2 ـ ئايدا داڭلىق ھۆججەت «ئۈچ ئەقىدە»نى يېزىپ چىقتى. بۇ ھۆججەت تىلى جانلىق، ئېتىقادى مۇستەھكەم، دەلىللىرى تولۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن تولغان.

كىلاۋسېۋىز «ئۈچ ئەقىدە»دە دۆلەتنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنە خەلق ئۇرۇشىغا دائىر نەزەرىيەنى شەرھلىگەن، شۇنىڭدەك خەلق ئۇرۇشىنىڭ ناپولېئونغا قارشى كۈرەشتىكى رولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«مېنىڭ ۋاز كېچىدىغىنىم:

سېزىمنى يوقاتقان ھالدا كەلگۈسىنى كۈتۈش...

دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بارلىق شان ـ شەرىپىنى، كىشىلىك غۇرۇر ۋە ئىنسانىي غۇرۇرنى نومۇسسىزلارچە قۇربان قىلىش.

مېنىڭ قەتئىي ئىشەنچ باغلايدىغىنىم:

بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ياشاش جەھەتتىكى غۇرۇر ۋە ئەركىنلىكىنى چوقۇم ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشى كېرەك؛

ئەركىنلىك ئۈچۈن جەسۇرانە كۈرەش قىلغان مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېڭىلمەستۇر؛

شەرەپلىك قانلىق ئۇرۇش ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلغان تەقدىردىمۇ، ھاياتلىق ئۇرۇقى تۇپراقتا مۇستەھكەم يىلتىز تارتىدۇ، شۇڭا مىللەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن ئۈمىد بار.

مەن دۇنيا خەلقىگە شۇنداق خىتاب قىلىمەن:

ۋەتەننىڭ ئەركىنلىكى ۋە قەدىر ـ قىممىتى ئۈچۈن شەرەپلىك ھالدا كۈرەش قىلىپ جان پىدا قىلىشنى مەن ئەڭ زور بەخت دەپ ھېسابلايمەن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurbook.com

كىلاۋسېۋىزنىڭ خوتۇنى مارى ئۇنى بەك چۈشىنەتتى ۋە قوللايتتى. ئۇ كىلاۋسېۋىزغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىز ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسى پىلانىنى تۈزگەندە مېنى دەپ ئىرادىڭىزگە تەسىر يېتىپ قالمىسۇن، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز مەن ئۈچۈن بىباھا گۆھەر، لېكىن مۇبادا سىز مېنى دەپ، مېنىڭ پىكرىمنى ۋە ئارزۇيۇمنى دەپ ئۆزىڭىزنى پۇشايماننىڭ قۇربانى قىلسىڭىز مەن تولىمۇ ئازابلىنىمەن؛ سىز ئۆز ئىستىقبالىڭىزنى ئويلىشىڭىز، بۇ ئىشقا مېنى چېتىۋالماسلىقىڭىز كېرەك. خۇددى ‹ھېپورىئان›دىكى تىئوتېما ئېيتقاندەك، ‹ھەرىكەت قىلىڭ، مەن ھەممىگە چىدايمەن!›»

كىلاۋسېۋىز ساياھەت ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ كېچىلەپ رۇسىيەگە قىلغان ئۆزۈن سەپىرىنى باشلىدى. ئۇ ناپولېئوندىن بۇرۇن رۇسىيەگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ئات ھارۋىسىنى سېتىۋالغانىدى. پولشا تەۋەلىكىدىكى ئىككى يېقى قاراڭغۇ ئورمان بىلەن قاپلانغان يولدا، يولنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول ماڭدى. ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن تاپانچا ئېلىۋالدى. ئۇ ئارام ئالالمىغاچقا، باش ئاغرىقى ۋە رېماتىزم ئۇنى يولبويى ئازابلىدى. ھاۋا خېلى ئىللىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ پەلتو كىيىۋالغان تۇرۇقلۇق، توڭلىغىنىدىن تىترەپ تۇراتتى.

كىلاۋسېۋىز كىچىك بازار تورگېن ئارقىلىق رۇسىيە تەۋەسىگە كىردى، بىر كازاك ئاتلىق ئەسكەر پولكوۋنىكى ئۇنى دوستلارچە كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ مېھمان قىلدى. كىلاۋسېۋىز رۇسچىنى، ھېلىقى پولكوۋنىك فىرانسۇزچىنى ۋە نېمىسچىنى بىلمىسىمۇ، ئۇلار قول ئىشارىسى ياكى بىرنەچچە تاق سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتى. كىلاۋسېۋىز ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ قالدى. سەپەرگە چىقمىدىغان چاغدا پولكوۋنىك بىلەن ئۇنىڭ ئايالى كىلاۋسېۋىزنى سەممىيلىك بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

# 13. قورال ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش

چار پادىشاھنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى ۋېلنا[①] دا ئىدى. كىلاۋسېۋىز ئۇ يەردە گىنېيسناۋ ۋە ئىلگىرى بىرلىن گارنىزونىنىڭ قوماندانى بولغان شاسو بىلەن ئۇچراشتى. كىلاۋسېۋىز ئۇ يەردە ئۇچىسىدىكى پىرۇسسىيە مايورىنىڭ قىزىل يوللۇق يېشىل فورمىسىنى سېلىپ تاشلاپ، رۇسىيە ئارمىيەسى پودپولكوۋنىكىنىڭ يېشىل گىرۋەكلىك قارا كىيىمىنى كىيدى ھەمدە ۋاقتىنچە فائۇرېغا ئاديۇتانت بولدى.

فائۇرې چار پادىشاھ ئالېكساندرنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى ئىدى، ئۇ پىرۇسسىيە ئارمىيەسىدە پولكوۋنىك بولغان، يېنا ۋە ئورشتېيت ھەل قىلغۇچ جېڭىدىن كېيىن پىرۇسسىيەدىن ئايرىلىپ رۇسىيە ئارمىيەسى تەۋەلىكىگە كىرگەن. ئۇ چار پادىشاھقا ھەربىي ئىشلار دەرسى ئۆتكەن. ئالېكساندر ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بۇ ئاجايىپ ئادەمنىڭ تالانتىغا قول قويدى. فائۇرې بىلىم دائىرىسى كەڭ، ئەمەلىيەتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان نەزەرىيەچى بولۇپ، ئۇ ناپولېئوننىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۇچۇن دىرىسسامدا قورغان ياساش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. چار پادىشاھ رۇسىيەنىڭ ئىككى بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىرى باركلاي بىلەن باگراتىئوننىڭ پىكرىنى ئالماي تۈرۈپلا فائۇرېنىڭ پىلانىنى تەستىقلىدى.

① ھازىرقى لىتۋانىڭ پايتەختى ۋېلنوس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

ئىلگىرى رۇسىيەگە كەلگەن گېنېسناۋ كىلاۋسېۋزنى چار پادىشاھقا تونۇشتۇرۇپ: «ئۇ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار سەنئىتى جەھەتتىكى بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر» دېدى ھەمدە ئۇ يازغان «ئوفىتسېرلار دىققىتىگە» دېگەن كىتابنى تىلغا ئېلىپ: «ئۇ مۇشۇ خىلدىكى باشقا كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ، رۇسچىغا تەرجىمە قىلىش قىممىتىگە ئىگە» دېدى.

بۇ چاغدا چار پادىشاھ دەل رۇسىيە ئارمىيەسى ئىچىدە غۇلغۇلا بولۇۋاتقان قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەنىدى، شۇڭا ئۇ: «پاھ! شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا سىزنىڭ دىرىسسادا قورغان ياساشقا قارىتا قارىشىڭىز قانداق؟» دېدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى كىلاۋسېۋىز دىرىسسا قورغىنىنى كۆزەتكەنىدى، شۇڭا چار پادىشاھ بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەنلا، ئۇ دەرھال جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئەمەلىي كۈچى رۇسىيە ئارمىيەسىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان فىرانسىيە ئارمىيەسىنى ئۇنۇملۇك توسۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بازا تاشلىۋېتىلمىسە، ئەسكەرلەر 90 مىڭ، ھەتتا 120 مىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، رۇسىيە ئارمىيەسى ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ، ئەسكەرلەر بۇ يېرىم چەمبەر شەكىللىك ئىستىھكامغا كىرىۋالسا، ئاخىرىدا تەسلىم بولماي ئامال يوق.»

كىلاۋسېۋىز ئارقىدىن يەنە مۇنداق دېدى: «ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە فىرانسىيە ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈپ، خەلققە تايىنىپ ئۇلارنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەمىنات لىنىيەسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، دۈشمەننىڭ كۈچى ئاجىزلىغاندىن كېيىن، ئاندىن زەربە بېرىش كېرەك.»

كىلاۋسېۋىزنىڭ تەھلىلى ناھايىتى سىستېمىلىق ئىدى، بۇنى ئاڭلاپ چار پادىشاھ زوۋان سورمىدى.

1812 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، فىرانسىيە ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا نېمان دەرياسىدىن ئۆتتى. ناپولېئون 16 دۆلەتنىڭ 500 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىپ، رۇسىيەگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى.

كېيىن ئالېكساندىر رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقان بىر قېتىملىق ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا فائۇرېدىن باشقا ئوفىتسېرلار بىردەك دىرىسسا قورغىنىنى ئىشلىتىشكە قارشى تۇردى. 1 ـ بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ قوماندانى مارشال باركلايمۇ كىلاۋسېۋىزغا ئوخشاش تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە چار پادىشاھ فائۇرې پىلانىنى قويۇپ تۇرۇپ، باركلاينى ئۆز پىلانى بويىچە ئىش قىلىشقا يول قويدى.

رۇسىيەنىڭ 1 ـ كورپۇسىدىكى 118 مىڭ كىشى ئىچكى جايلاردا ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن چېكىندى. فىرانسىيە ئارمىيەسى ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، رۇسىيەنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىردى.

بۇ چاغدا رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئىقتىدارسىز فائۇرېدىن تېخىمۇ نارازى بولۇشتى. كىلاۋسېۋىز مۇبادا بۇ خىل ھالەت ئۆزگەرتىلمىسە، ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىش جەھەتتە ئاشكارا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز پىكرىنى فائۇرېغا ئېيتتى ھەمدە ئۇنىڭغا پادىشاھقا باركلاينى باش قوماندانلىققا تەيىنلەش، شۇ ئارقىلىق ئارمىيەگە بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىش لازىملىقىنى ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

ئالېكساندىر ئۆز ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بۇ تەكلىپنى تەستىقلىدى، نەتىجىدە باركلاي باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىلاۋسېۋىتزمۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر گېنېرالى گىراف پاھلېن بىلەن بىللە ھىماتچى قوشۇن دۇشمەن ئارمىيەسىدە تەمىنات ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ ۋە 27 ـ كۈنلىرى چېكىنىۋاتقان باركلاينىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسى ۋىتېبسكىي (بېلارۇسىيەنىڭ 2 ـ چوڭ شەھىرى، بۇ شەھەر غەربىي دۋىنا دەرياسى بويىغا جايلاشقان)غا يېقىن جايدا بىرنەچچە قېتىم جەڭ قىلىپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. بۇ بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ھىماتچى قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كىلاۋسېۋىتز بۇ بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشتى.

ئوستىرونوف كەنتى ئەتراپىدا فىرانسىيە ئارمىيەسى بىلەن رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ھىماتچى قوشۇنى توقۇنۇشۇپ قالدى، رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ھىماتچى قوشۇنى كەنتكە يېقىن ئورمانلىقتا قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ قۇدرەتلىك ياردەمچى قوشۇنى كەلگەندىن كېيىنلا، رۇسىيە ئارمىيەسى چېكىندى. ئەتىسى ئورمانلىقتا يەنە ئۇرۇش بولدى. كىلاۋسېۋىتز تۇرۇۋاتقان پاھلېن دىۋىزىيەسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنى چېكىندۈردى.

كىلاۋسېۋىتز رۇسچىنى بىلمىگەچكە، ئۇرۇشتا قىسىمغا بىۋاسىتە، تېز بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قولىغا قورال ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەھەردە، فىرانسىيە ئارمىيەسى رۇسىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلدى، ناپولېئون يەنە بىر قېتىم ئائۇستېرلىتستىكىگە ئوخشاش غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىشنى ئويلايتتى. جەڭ بىر كۈن داۋاملاشتى، فىرانسىيە ئارمىيەسى رۇسىيە ئارمىيەسى پاھلېن دىۋىزىيەسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا

ئۆچۈردى، نەتىجىدە ناپولېئون ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەشتە رۇسىيە ئارمىيەسىگە قايتا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن ھۇجۇمنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. كىم بىلسۇن، ئەتىسى ئەتىگەندە رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ناپولېئون تۈزگەن تېز ئۇرۇش قىلىپ، تېز غەلىبە قىلىش پىلانى بەربات بولدى.

فىرانسىيە ئارمىيەسى پايانسىز كەتكەن رۇسىيە زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. قىيىنچىلىق بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، تەمىنات ئىشلىرى يېتىشىپ ماڭالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەل تارقالدى، قېچىپ كېتىدىغان ئەسكەرلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئىستىقبالىدىن تولىمۇ ئەنسىرىشەتتى، لېكىن ئۇلاردا رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ كەينىدىن ئىچكىرىلەپ كىرىشتىن باشقا ھېچقانداق تاللاش يوق ئىدى.

ناچار ھاۋا شارائىتىدا، ئۇزۇن ھەم مۇشكۇل سەپەر ئارقىلىق رۇسىيەنىڭ ئىككى كورپۇسىدىكى تەخمىنەن 150 مىڭ ئادەم سمولېنسكىيدا ئۇچراشتى. رۇسىيە ئارمىيەسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، كۆپىنچىسى يانچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ قەلبى ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن تولغانىدى، 16 دۆلەت ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن ناپولېئون ئارمىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، رۇسىيە ئارمىيەسى روھىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. گەرچە ئۇلار چېكىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىنى بىلگەچكە، روھى تولىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

ناپولېئون رۇسىيە ئارمىيەسىنى يوقىتىش ئۈچۈن دەرھال سمولېنسكىيغا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى ھەمدە سمولېنسكىينى ئۇدا 13 سائەت زەمبىرەك بىلەن بومباردىمان

تۇغۇمتۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلدى، شەھەر ئىچى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. كىلاۋسېۋىز بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشتى. باركلاي ئۆز قىسمىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە فىرانسىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلىدىغانلىقىنى پەملەپ، سمولېنسكىينى تاشلاپ داۋاملىق شەرققە چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

رۇسىيە ئارمىيەسى ئۇرۇش قىلغاچ چېكىنىپ بىرنەچچە ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. كىلاۋسېۋىز كۆپلىگەن رۇسىيە ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ خاتىرجەم ئارام ئېلىپ باقمىدى، ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بىز فىرانسىيە ئارمىيەسى بىلەن كۆپ قېتىم شىددەتلىك ئۇرۇش قىلدۇق، لېكىن تېخى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ باقمىدۇق... توققۇز ھەپتىدىن بېرى مەن كىيىممىنى يۇيۇپ باقمىدىم. ھاۋا بەك ئىسسىق، چاڭ ـ توزان كۆپ، سۇ تېپىپ ئىچىش ئىنتايىن تەس، يەنە كېلىپ دائىم دېگۈدەك ئاچلىق ئازابىنى تارتىمىز... كۈنىمىز مۇشۇنداق جاپالىق بولسىمۇ، مېنىڭ سالامەتلىكىم بىرلىنىدىكىدىن ياخشى، پەقەت رېماتىزملا مېنى ئازابلاۋاتىدۇ، چىشىم توختىماي ئاغرىپ تۇرىدۇ، چېچىممۇ چۈشۈپ كەتتى... ناۋادا بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭ بولىدىغان بولسا، كېلەر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە تېخىمۇ زور رول ئوينارمەن دەيدىغان ئۈمىدىم بار، چۈنكى مەن قىشتىن ئېتىبارەن رۇس تىلى ئۆگىنىشنى باشلىدىم؛ رۇس تىلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن خېلى ئازادىلىك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، مەن شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، ھازىر مەن تولىمۇ ئازابلىنىۋاتىمەن.»

ئۇزۇن ئۆتمەي گېنېرال پاھلېن كېسەل بولۇپ قالغاچقا، دىۋىزىيە تارقىتىۋېتىلدى. كىلاۋسېۋىز ئۇۋاروفنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر كورپۇسىدا ئىشتاب باشلىقى بولۇشقا ئەۋەتىلدى.

## 14. بورودىنو ھەل قىلغۇچ جېڭى

باركلاينىڭ يولغا قويغىنى دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش تاكتىكىسى بولغاچقا، قوشۇن ئۇرۇش قىلغاچ چېكىنىدى. رۇسىيەدىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە كۆپلىگەن ئوفىتسېرلار ۋاقىتلىق چېكىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەي ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە باركلايغا يۈزتۇرانە قارشى چىققىنى باتۇرلۇقتا نام چىقارغان 2 ـ بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى باگرادىئان ئىدى. ئۇ ھەتتا باركلاينى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى. نەتىجىدە ئالېكساندىر باركلاينىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى، 67 ياشلىق ماركىز كوتوزوف ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

كوتوزوف بىلىملىك، بىرنەچچە دۆلەتنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ رۇسىيە تۇپرىقىدا ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا بىرنەچچە قېتىم ئېغىر يارىلانغان، بىر كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەن. ئۇ باتۇر، تەمكىن، ئاق كۆڭۈل، تۈز ئادەم بولۇپ، خۇشامەتچىلىكنى ياقتۇرمايتتى، شۇڭا چار پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى. چار پادىشاھ: «خەلق ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئۈمىد قىلغاچقا، مەن ئۇنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدىم. بۇنىڭدا مېنىڭ شەخسىي مۇددىئايىم يوق» دېگەنىدى.

كىلاۋسېۋىز بىر خەۋەردە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قوشۇندىكىلەر باش قوماندانىنى ئالماشتۇرۇش ئىشىدىن بەك خۇشال بولۇشتى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لېكىن كوتوزوفنىڭ رۇسىيە ئارمىيەسى ئىچىدىكى ئابرۇيى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. بىراق، بىر نۇقتىغا نىسبەتەن كۆپچىلىكنىڭ قارشى بىردەك ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇلار رۇسىيەلىك هامان چەت ئەللىكتىن كۈچلۈك دەپ هېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە باركلاي چەت ئەللىك ئەمەس، ئۇنىڭ دادىسى لېفلاندا① تۇغۇلغان ھەمدە شۇ يەردە دىن تارقاتقۇچى بولغان، باركلاي بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا رۇسىيە ئارمىيەسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. ئۇنىڭدا فامىلىسىدىن باشقا چەت ئەللىككە خاس ھېچنەرسە يوق. دەرۋەقە ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا بىر ئاز پەرق بار، ئۇنىڭ رۇسچە تەلەپپۇزى توغرا بولمىغاچقا، ئۇ دائىم رۇسچە سۆزلىمەي نېمىسچە سۆزلەيدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بەزىلەر ئۇنى چەت ئەللىك دەپ تونۇيدۇ.»

كوتوزوف باش قوماندان بولغاندىن كېيىن، ئۇ باركلاينى يەنە 1 ـ بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ كوتوزوف بىلەن باركلاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك قاراشلىرى ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ جىيەنى ئۇنىڭدىن:

— تاغا، سىز ناپولېئوننى يېڭەلەمسىز؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇ:

— يېڭەلەمسىز؟ ياق، مەن ئۇنى يەڭمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئەقىل ئىشلىتىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلمەكچىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى. بىراق ئۇ ئۇرۇش قىلمايلا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قىزغىن سۆيىدىغان موسكۋانى فىرانسىيەلىكلەرگە بېرىشكە قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئەينى چاغدا پۈتۈن ئارمىيەدىكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن دۈشمەن بىلەن بىر مەيدان يېڭىش ـ يېڭىلىشنى

① بۇ جاي رىگا قولتۇقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېستونىيە بىلەن لاتۋىيەگە تەۋە.

بەلگىلەيدىغان ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى، شۇڭا كوتوزوف موسكۋانىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كەلدى.

1812 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، فىرانسىيە ئارمىيەسى بورودىنو كەنتىگە يېقىن جايدا كەڭ كۆلەملىك ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. كىلاۋسېۋىز بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشتى. ئۇ كېيىن مۇنداق دەپ يازدى: «كوتوزوف بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى بۇرۇنلا قىياس قىلغانىدى، ئۇ ئوردىنىڭ، ئارمىيەنىڭ، شۇنىڭدەك مەملىكەت بويىچە ئېقىپ يۈرگەن سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ بېسىمى بولمىغان بولسا، بورودىنو جېڭىنى قىلمىغان بولاتتى. ئۇ بۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ جەڭنى بىر قېتىملىق بەختسىز ۋەقە دەپ قارىدى، ئۇ رۇسىيەلىكلەرنى چۈشىنىدۇ، ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدۇ.»

ئەينى چاغدا ناپولېئون ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان ئەسكەر 130 مىڭ، زەمبىرەك 587 ئىدى. روسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىككى بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى 112 مىڭ ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە موسكۋا مىلليي ئارمىيەسىدە 10 مىڭ ئادەم بار ئىدى. كازاك ئاتلىق ئەسكىرى 7000 ئىدى. ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە ناپولېئون بورودىنوغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ نېي، داۋۇ ۋە مىيۇرالار قوماندانلىق قىلغان قىسمى داۋاملىق رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ بازىلىرىغا زەربە بەردى، پەقەت مىيۇرالا ئۈچ ئاتلىق كورپۇس قاتناشتۇردى. رۇسىيە ئارمىيەسى ئۈستۈنلۈككە ئىگە دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ زەربىسىدە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياردەمگە ئېرىشسە، دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بازىنى قايتۇرۇۋالاتتى. سول قاناتتىكى تار كىچىك رايوندا

www.uyghurkitap.com

فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ 400 زەمبىرىكى، رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ 300 زەمبىرىكى بىر ـ بىرىگە بەتلەكلىك تۇراتتى. ئۇرۇش مەيدانى جەسەت بىلەن تولغان بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر زىيان تارتتى.

رۇسىيە ئارمىيەسى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن مەزمۇت تۇراتتى، پىيادە ئەسكەرلەر سېپى توپ ئوتى ئىچىدە پولات ئىستىھكامدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. رايېۋىسكىنىڭ توپچى ئەسكەرلەر بازىسى فىرانسىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندا، بازىنى ساقلاۋاتقان نۇرغۇن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. ھايات قالغانلار تەسلىم بولماي تاكى قۇربان بولغۇچە ئۇرۇش قىلدى.

ناپولېئون ئۆزىگە ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتقان رايېۋىسكىنىڭ توپچى ئەسكەرلەر بازىسىغا كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەندە، كوتوزوف دەرھال جەڭ مەيدانىنىڭ ئوڭ قانىتىغا ئورۇنلاشتى، كىلاۋسېۋىز تۇرۇشلۇق گېنېرال ئۇۋاروف قوماندانلىقىدىكى 1 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر كورپۇس ۋە گېنېرال پولاتوف قوماندانلىقىدىكى كازاك ئاتلىق ئەسكەرلەر كورپۇسى ئۇرۇشقا قاتناشتى.

كىلاۋسېۋىز ئاشۇ قېتىمقى ئۇرۇش مەنزىرىسىنى، يەنى پەقەت سانسىزلىغان ئاتلارنىڭ تار كەتكەن بەلباغدا گۈلدۈرمامىلىق يامغۇردەك دۈپۈرلىشىپ ئۇرۇش مەيدانىنى بىر ئالغان كۆرۈنۈشنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. بۇ قېتىمقى شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، فىرانسىيەنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىنى توسىيالماي قېچىشقا باشلىدى. لېكىن، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى ۋە توپچى ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچلۈك ئوت كۈچى رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ

ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. كازاك ئاتلىق ئەسكەرلىرى چېكىندۈرۈلدى، ئۇۋاروفمۇ چېكىنىش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالدى.

فىرانسىيە ئارمىيەسى رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئۈزلۈكسىز يېڭى ھۇجۇم باشلىدى، لېكىن رۇسىيە ئارمىيەسى چېكىنمەي، توپچى ئەسكەرلەر ئۈزلۈكسىز زەربە بەردى، پىيادە ئەسكەرلەر سېپى ئورنىدا مۇستەھكەم تۇردى.

فىرانسىيە ئارمىيەسى پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى بىرنەچچە قېتىم يېڭىدىن ھۇجۇم قوزغىدى. يېقىن ئارىلىقتىكى قورقۇنچلۇق جەڭ بىردەم ئەۋجىگە چىقىپ، بىردەم پەسىيىپ تۇردى. جەڭ مەيدانىدا جەڭنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتقان ناپولېئون بىر ئىزدا تۇرالماي قالدى، ھۇجۇم نەتىجىلىك بولمىغاچقا، ئۇ تولىمۇ تاقەتسىزلىك ئىچىدە قالغانىدى.

كەچكى شەپەق غايىب بولاي دېگەندە، ناپولېئون ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئەسكەرلەرنى يىغىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ چاغدا رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئوق - دورىلىرى تۈگىگەنىدى. زاپاس قوشۇنمۇ ئىشقا سېلىنىپ بولغانىدى. ئۇلارمۇ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىپ، موسكۋا تەرەپكە چېكىنمەكتە ئىدى.

ناپولېئون ئۆمرىدە بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ قېتىمقى ئەڭ ئېچىنىشلىق جەڭدە، ئۇنىڭ 50 نەچچە مىڭ ئوفىتسېر - ئەسكىرى ئۆلدى، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر گېنېرال قۇربان بولدى. ئارمىيەنىڭ روھىي كەيپىياتى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئۇلار ۋەھىمە ئىچىدە قالدى، قىسىم داۋاملىق موسكۋاغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

بۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ جەڭدە رۇسىيەنىڭ 58 مىڭ ئادىمى ئۆلگەن، جەڭدىن كېيىن داۋاملىق شەرققە چېكىنگەن

بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيەدىكى ئارمىيە ۋە خەلق ئۆزلىرىنى يېڭىلدۇق دەپ قارىماي، جەڭدە غەلىبە قازاندۇق دېيىشتى. بۇ ئەينى چاغدا ھەقىقەتەن چۈشىنىش قىيىن بولغان مەسىلە ئىدى، بىراق كېيىنكى نۇرغۇن پاكىتلار بورودىنو ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەقىقەتەن رۇسىيەنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

## 15. ناپولېئونغا قوغلاپ زەربە بېرىش

رۇسىيە ئارمىيەسى داۋاملىق چېكىندى. تۆت كۈندىن كېيىن كىلاۋسېۋىز قىسىم بىلەن بىللە موسكۋادىن ئۆتتى. بالايىئاپەتتىن قورقۇپ قېچىۋاتقانلار موسكۋانىڭ شەرق تەرىپىدىكى دەرۋازىلاردىن سىرتقا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار ئانچە ـ مۇنچە نەرسە ـ كېرەك كۆتۈرۈۋالغانىدى. هارۋىلىقلارمۇ، پىيادىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۆزۈڭغا سوزۇلغان ئادەم ئېقىمىنىڭ بېشىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

بىرنەچچە كۈن بۇرۇنقى جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ كېلىنگەن نۇرغۇنلىغان يارىدارلار كوچىلاردا ياتاتتى، شۇ تاپتا ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىشقا ئامال يوق ئىدى. كىلاۋسېۋىز بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئازابلاندى.

چۈشتىن كېيىن رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ هىماتچى قىسمى بۇ قۇرۇق شەھەردىن ئايرىلغاندا، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى ئېهتىيات بىلەن شەھەرنىڭ غەربىدىن شەھەرگە كىردى. كەچقۇرۇن ناپولېئونمۇ قىسمىنىڭ كەينىدىن كېچە ـ كۈندۈز تەشنا بولغان موسكۋاغا كەلدى.

شۇ كۈنى كېچىدە تاجاۋۇزچى ئارمىيەنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى هېچبىر تەپ تارتماستىنلا بۇلاڭچىلىقنى باشلىۋەتتى. بۇ چاغدا موسكۋا شەھىرىدە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى، بوران ئوتنى هەممە يەرگە تۇتاشتۇرۇۋەتكەنىدى،

كۆپلىگەن ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئىسسىق ئېقىم ئادەمگە گۈپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

ئۇلۇغ ئوت بىرنەچچە كۈنگىچە كۆيدى. تاشتىن سېلىنغان كىرېمل سارىيىدىن باشقا ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى كۈلگە ئايلانغانىدى.

بۇ چاغدا، رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ھىماتچى قىسمى چېكىنىپ رىيانزانغا كەلدى، كىلاۋسېۋىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ موسكۋادىكى ئاسمان پەلەك كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ خوتۇنىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «موسكۋادىن چېكىنىپ چىققان ئاخشىمى شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدە ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بىز كۈندۈزدە شەھەر ئىچىدىكى كوچىلاردىن ئۆتۈۋاتقاندا كوچىنىڭ يارىدارلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق، 26 مىڭدىن كۆپرەك يارىدارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇلارنى ئويلىسام بەكمۇ قورققۇم كېلىدۇ.»

ئارمىيە موسكۋادىن ئايرىلىپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن گېنېرال مىلورادوۋىچ مەركۇر كورپۇسىنىڭ ھىماتچى قىسمىدىن يۆتكىلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن كىلاۋسېۋىزمۇ قوماندانلىق ئىشتابىغا قايتىپ بىرەر ئىشقا قويۇشنى كۈتۈپ تۇردى.

ئۇ قوماندانلىق ئىشتابىغا بېرىپ تېزىمغا ئالدۇرغاندا گېنېرال بېنىكس ئۇنىڭغا چار پادىشاھنىڭ بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى ئۇنى رىگا قورغىنىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى دەپ بەردى. بۇ ۋەزىپىنى ئىلگىرى ئۇنىڭ سىرداش دوستى پودپولكوۋنىك تىدمان ئۆتىگەنىدى، ئۇلار ئىككىسى ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزگەنىدى. تىدمان بىر قېتىملىق ھۇجۇمدا

يىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ تاپانچىسىنىڭ ئوقى كۆكرىكىگە تېگىپ قۇربان بولغانىدى.

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كىلاۋسېۋىز قوماندانلىق ئىشتابىدىن پېتربۇرگقا ماڭدى. لېكىن، ئۇ ئەمدىلا سىرپۇخوفقا كېلىشى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنى جاسۇسمىكىن دەپ توسۇۋالدى. ئۇ پاسپورت، تونۇشتۇرۇش خېتى، ۋەزىپىگە يۆتكەش بۇيرۇقى قاتارلىقلارنى كۆرسەتسىمۇ خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئۇلار بىر گېرمانىيەلىكنىڭ بىرلا پولشالىق مالاينى ئېلىپ يولغا چىقىشى تولىمۇ گۇمانلىق، پاسپورتنى ياسىۋالغانمۇ، ئۇنى كىم بىلسۇن؟ دەپ ئويلاشتى. كېيىن رۇسىيەلىك بىر ئالاقىچى ئەمەلدار ئۇنى پېتربۇرگقا ئاپىرىپ قويدى.

ناپولېئون خۇددى گۇندىپايدەك قۇرۇق شەھەر موسكۋانى بەش ھەپتە ساقلاپ ياتتى. قىش كېلەي دەپ قالدى. رۇسىيەلىكلەر ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان سۈلھى تۈزۈش ياكى ئۇرۇش توختىتىش تەكلىپىگە پىسەنتمۇ قىلمىدى. ئاخىرىدا ئۇ نائىلاج چېكىنىش قارارىغا كەلدى.

رۇسىيەلىكلەرنىڭ ئىنتىقام ئالىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى، ئۇلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قوغلاپ زەربە بەردى، بۇ چاغدا مۇنتىزىم ئارمىيەدىن باشقا، تېخىمۇ كۆپ دېھقانلار فىرانسىيەگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. قەھرىتان سوغۇق چۈشۈپ شىۋىرغان چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەمىناتمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى، نەتىجىدە ناپولېئوننىڭ ئارمىيەسى قەھرىتان سوغۇق ۋە ئاچلىق ئازابىدىن ھالىدىن كەتتى، ئۇلار ماڭغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قورال ـ ياراغ، ئادەملەرنىڭ جەسىتى ۋە ھايۋانلارنىڭ تاپلىرى دۆۋىلىنىپ كەتتى.

كىلاۋسېۋىز پېتربۇرگقا يېتىپ بارغاندا، ماركىز فون لۇچس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurix.com

گېنېرال فون ئېسسېننىڭ رىگا قورغىنىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندى. كىلاۋسېۋىز ئىچىدە: غەلىتە مىجەزلىك بۇ ئەبلەخنىڭ يېنىغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلدىم، تولىمۇ بىزار قىلىدىغان بولدى ــ دە، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئەمما، فىرانسىيە ئارمىيەسى چېكىنىپ كەتكەچكە، رىگا ئۇرۇش مەيدانىنىڭ سىرتىدا قالغاندى. شۇڭا، ئۇ ۋىتگېنشتېيىننىڭ قىسمىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. چار پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىنى تەستىقلىدى.

شۇنداق قىلىپ ناپولېئوننىڭ چوڭ ئارمىيەسى چېكىنىپ بېرېزىن دەرياسى بويىغا كەلگەندە، كىلاۋسېۋىز يەنە ئالدىنقى سەپكە قايتىپ كەلدى. مارشال ۋىتگېنشتېيىن بۇيرۇقىغا بىنائەن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ يۇرۇش قىلىپ، دېڭىز ئارمىيەسى گېنېرالى چىچاگوفقا ماسلىشىپ، ناپولېئونغا قىستاپ زەربە بەردى. باش قوماندان كوتوزوف ئاساسلىق قىسمىنى باشلاپ ناپولېئوننى كەينىدىن قوغلىدى.

مەغلۇپ بولغان ناپولېئون قىيىن ئەھۋالدىمۇ يەنە ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلدى. ئۇ مارشال ئوۋدىنوتنى ئۇكولودا سازلىقمىغا بېرىپ، يالغاندىن كۆۋرۈك سېلىپ چىچاگوفنى ئالداپ ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئەسلىدە ناپولېئوننى ئەسىر ئېلىش ناھايىتى مۇقىملىشىپ قالغاندى. ئۇ ئۆزى باشچىلىق قىلىۋاتقان قالدۇق قىسمىنى باشلاپ، چىچاگوف تاشلىۋەتكەن سىشېدىنكا سازلىقى ئارقىلىق مېڭىپ، دەرياغا كۆۋرۈك سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ھەممە ئىش كوتوزوف ئويلىغاندەك بولۇپ چىقتى. چار پادىشاھمۇ كوتوزوفقا:

ــــ سەن رۇسىيەنىلا ئەمەس، پۈتكۈل ياۋروپانى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، ــــ دېدى.

بىراق، ناپولېئوننىڭ رۇسىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى ناپولېئونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ناپولېئون رۇسىيەدە ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان بىلەن، ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىدا تۇرغۇزغان خېلى كۆپ قوشۇن بار ئىدى.

كىلاۋسېۋىز بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ قاتناشقۇچىسى سۈپىتىدە، سمولېنسكي ۋە موسكۋانى تاشلىۋېتىشتىن، موسكۋا شەھىرىدە كۆيگەن ئۇلۇغ ئوتتىن قەلبى قاتتىق ئۆچمەنلىككە تولغان مىللەتنىڭ تەنتەنىلىك تاللىشىنى كۆردى، ئۇ ۋەزىيەتنىڭ بىرقانچە قېتىم ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن بۇ قېتىمقى ئۇلۇغ، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇ بۇ جەرياندا يالغۇز ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ۋە ئۇرۇش جەريانىدىكى كونكرېت قوماندانلىقنى كۆزىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەيدانىنى چۈشەندى. بۇ تەجرىبىلەر ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، 1812 ـ يىلى ئۇ ئەڭ كۆپ نەتىجىگە ئېرىشكەن بىر يىل بولدى.

www.uyghurkitap.com

## 16. «تاۋروگېن كېلىشىمى» تۈزۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

ناپولېئون مەغلۇپ بولدى، كەڭ كۆلەمدە ھېسابات قىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. گېرمانىيەدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەر بىزنىڭ رۇسىيەدىن كۈتكەن ئۈمىدىمىز ئەمەلگە ئاشتى، چېگراغا يېقىنلاپ كەلگەن رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، دۆلىتىمىزنى ئازاد قىلىشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلدى، دەپ قاراشتى.

ناپولېئوننىڭ مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرى پىرۇسسىيە ئارمىيەسى تۇرۇشلۇق جاي مىتايغىمۇ يېتىپ كەلدى. گېنېرال يورك قوماندانلىق قىلىۋاتقان پىرۇسسىيەنىڭ بۇ ياردەمچى قىسمى فىرانسىيە مارشالى ماك دونالدنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. گېنېرال يورك مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى، مەن پادىشاھنىڭ ئىرادىسى مۇقەددەستۇر، ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنۇش كېرەك دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈنلا، ئۆز ھېسسىياتىمغا خىلاپ ھالدا جەڭگاھقا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇڭا، بۇ كورپۇس ئومۇمەن ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ قالدى.»

بۇ چاغدا پىرۇسسىيە قوشۇنى دەل لىتۋادىن تىلزىتقا چېكىنىۋاتاتتى. 20 مىڭ كىشىلىك بۇ قىسىم ناپولېئون ئارمىيەسىنىڭ تېخىچە ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالغان بىردىنبىر قىسمى بولغاچقا، ئۇ پىرۇسسىيە

ئارمىيەسىنىڭ ھىمايىسىدە فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى چېكىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

پىرۇسسىيە ئارمىيەسى بىلەن فىرانسىيە ئارمىيەسى تەخمىنەن ئىككى كۈنلۈك ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭغاچقا، كىلاۋسېۋىز تۇرۇشلۇق قىسىمنى گېنېرال مايور دىبىچ 1500 ئەسكەرنى ۋە باشقا بىرنەچچە قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، مېمېل دەرياسى[①] بويىدا ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ، كەينىدىن مېڭىۋاتقان پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئارقا يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. رۇسىيە ئارمىيەسى ئوفىتسېرى پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنى دۈشمەن دەپ قارىماي، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىش، ياخشىسى ئۇلار بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاش توغرىسىدا يولىيورۇق تاپشۇرۇۋالدى.

ئەمەلىيەتتە، يورك بۇ چاغدا ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز ھەم ئاز بولغان رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ مۇھاسىرىسىنى تامامەن بۆسۈپ چىقىپ كېتەلەيتتى، لېكىن ئۇ ئۆز ئارمىيەسى بىلەن فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ چېكىنىشىنى ھىمايە قىلىشنى خالىمىدى. رۇسىيە ئارمىيەسى ئۈچ ئاي ئىلگىرى يوركنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆز ئىچىدىن ئۆزىگە قارشى چىقماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىغانىدى. لېكىن، بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىغانىدى، مانا ئەمدى يورك رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۈنجى قېتىملىق سۆھبەت 1812 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچتە ئۆتكۈزۈلدى. يورك ۋە كىلاۋسېۋىزنىڭ ھەمراھلىقىدىكى دىبىچ ئىككى ئارمىيەنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇل سېپى ئارىلىقىدا ئۇچراشتى. دىبىچ يوركقا بىتەرەپلىك شەرتنامىسى تۈزۈش تەكلىپىنى بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ

---

① لىتۋا تەۋەسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھلىدى.

يورك ئەزەلدىن پادىشاھنىڭ سادىق ئىتائەتچىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرۈشتىن قورقتى، شۇڭا ئۇ ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئەمما، ئىككى تەرەپ داۋاملىق سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلدى. دىبىچ يوركنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن كىلاۋسېۋىز بىلەن يوركنى سۆھبەتكە ئەۋەتىشنى بېكىتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە دىبىچ بىلەن يورك يەنە بىر قېتىم سۆھبەتلەشتى.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يورك ئۆز قىسمىنى باشلاپ تورگېنغا يېقىن باردى. كىلاۋسېۋىز يەنە ئۇنى يوقلاپ باردى، تاكى كېچىگىچە سوزۇلغان سۆھبەتتە، ئۇ يوركنى رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىش قارارىغا كېلىشكە ئۈندىدى.

يورك ئارمىيەنىڭ كونا تۈزۈلمىسى ئاستىدا يېتىشىپ چىققان ئوفىتسېر بولۇپ، پادىشاھقا ۋە ۋەزىپىسىگە قاتتىق سادىق بولۇش ئىدىيەسىگە ئىگە ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئىنتايىن كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، فىرانسىيەلىكلەرگە ناھايىتى ئۆچ، ئۇ ئاشۇ پادىشاھقا يالاقچىلىق قىلىدىغان ھىيلىگەر، خۇشامەتچى ۋەزىرلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ھازىر ئۇنى ۋەزىيەت ياكى داۋاملىق ئۆز دۆلەت خەلقىنى ئېزىۋاتقان دۈشمەنلەر ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىش ياكى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا قىستاۋاتاتتى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، يورك پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ئارام ئېلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەتىگەندە ئۇ بېرلىنغا يولىيورۇق سوراشقا ئەۋەتكەن ئادىيۇتانتى قايتىپ كەلدى. فىرىدرىخ ۋىللىئام رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانىدى. ئۇ

خېتىدە مۇنداق دەپ يازغاندى: «مەن فىرانسىيە پادىشاھى بىلەن پايدا ـ زىياننى تەڭ كۆرىمەن، مەڭگۈ يېقىن ئۆتىمەن.»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ مارشال ماك دونالدىنىڭ ئۇنىڭ قىسمىنى باشلاپ دەرھال تىلزىتقا بېرىپ قىسىمغا قوشۇلۇپ، ئۆزىگە يېقىن مېڭىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلسا ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتەلمەيتتى. قەتئىي نىيەتكە كېلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتە، كىلاۋسېۋىز يەنە بىر قېتىم يورك بىلەن سۆھبەتلىشىشكە باردى. ئۇ گۇگۇم چۈشكەندە تورگېنغا يېتىپ باردى. يورك ئىنتايىن تىت ـ تىت بولغاندەك كۆرۈنەتتى. كىلاۋسېۋىز ھالقىلىق پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىش يوركنىڭ رۇسىيەلىكلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ئىدى. مۇبادا شۇ تاپتا يورك قەتئىي نىيەتكە كېلىشكە ئۈندەلمىسە، كېيىن ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغۇچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ كېلىشىمگە قول قويسىلا، بۇ كېلىشىم ئۇزاق ـ دورا ئامبىرىغا ئوت تۇتاشتۇرىدىغان پىلىككە ئايلىناتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىشتاب سەپەرۋەرلىككە كېلەتتى، پۈتكۈل ياۋروپا قوزغىلىپ رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىناتتى. پودپولكوۋنىك فون كىلاۋسېۋىزنىڭ ئورۇندىماقچى بولغىنى مانا مۇشۇنداق مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەزىپە ئىدى.

كىلاۋسېۋىز كېيىن ئۆزىنىڭ «1812 ـ يىلىدىكى رۇسىيەدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى» دېگەن كىتابىدا ئاشۇ قېتىمقى سۆھبەت ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاشۇ قېتىم

تۇمۇچۇق كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئاخىرقى ۋاستە دەپ ھېسابلانغان ئىككى پارچە خەتنى ئېلىپ گېنېرال يورك بىلەن كۆرۈشكىلى بارغانىدىم. بىر پارچە خەتنى ۋىتگېنشتېيىن بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ ئىشتاب باشلىقى گېنېرال دىبىچقا يېزىپ بەرگەنىدى، ئىشتاب باشلىقى خېتىدە بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ، رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى جىددىي يۈرۈش قىلىپ تىلزىتنىڭ جەنۇبىدىكى رايونغا يېتىپ بارغانلىقىنى، گېنېرال يوركنىڭ ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، مۇبادا ئۇ داۋاملىق سۈس پوزىتسىيەدە بولىدىغان بولسا دۈشمەنگە ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى يازغانىدى؛ يەنە بىر پارچىسى كازاتلار تۇتۇۋالغان ماك دونالد فىرانسىيەنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرىگە يېزىپ بەرگەن خەت بولۇپ، خەتتە ھېچبىر يوشۇرماستىنلا يوركقا ھەرگىز ئىشەنمىسىكە بولمايدىغانلىقى يېزىلغان.»

يورك خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئويلانغان ھالدا:

— كىلاۋسېۋىز، سىز پىرۇسسىيەلىك، سىز رۇس ئارمىيەسىنىڭ خېتى ئىشەنچلىك دەپ قارامسىز؟ ۋىتگېنشتېيىننىڭ قىسمى راستتىنلا 31 - چېسلا ئۇ دېگەن يەرگە يېتىپ بارالارمۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ماڭا قەسەم قىلىپ بېرەلەمسىز؟ — دېدى.

كىلاۋسېۋىز جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— مەن ئېرىشكەن مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مەن ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىم بىلەن ئالىيلىرىغا بۇ خەتنىڭ ئىشەنچلىكلىكى توغرىسىدا كاپالەت بېرىمەن. دەرۋەقە بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنىڭ پۈتۈنلەي ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەت بېرەلەيمەن، چۈنكى ئالىيلىرىغا مەلۇمكى، ئۇرۇشتا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھېچقانداق نۇقسانسىز ھالدا پىلان بويىچە ھەربىي

يۇرۇش قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.
گېنېرال ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن كىلاۋسېۋىزغا قولىنى ئۇزىتىپ:
— مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارغا ماقۇل بولاي، گېنېرال دىبىچقا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، بىز ئەتە ئەتىگەندە بوسېروندىكى تۈگمەندە سۆھبەتلىشەيلى، شۇ تاپتا مەن فىرانسىيەلىكلەر بىلەن ئادا - جۇدا بولۇش قارارىغا كېلىپ بولدۇم، — دېدى.
گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ بىر ئوفىتسېرنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن:
— سىلەرنىڭ پولكلىرىڭلار بۇنىڭغا قانداق قارايدۇ؟ — دەپ سورىدى، — فىرانسىيەلىكلەر بىلەن ئادا - جۇدا بولۇش توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئوفىتسېرنىڭ خۇشلۇقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى ھەمدە، — بالدۇرراق مۇشۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، — دېدى. يورك:
— سىلەر ياشلار - زە، گەپ قىلىشنىلا بىلىسىلەر، سىلەر دېگەن گەپنى مەن دېسەم مەندەك قېرىنىڭ كاللىسىنى ساقلاپ قالغىلى بولماسلىقى مۇمكىن، — دېدى.
شۇ كۈنى كىلاۋسېۋىز گازارمىغا قايتىپ كېلىشىگە گېنېرال دىبىچ ئۇنىڭدىن:
— خۇش خەۋەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى تاقەتسىزلىك بىلەن.
كىلاۋسېۋىز ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا ۋەزىيەتنى ئورۇندىغانلىقىنى دوكلات قىلدى. دىبىچ ئۇنى ھاياجان بىلەن قۇچاقلىدى، خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.
ئەتىسى ئەتىگەندە كىلاۋسېۋىز بىلەن دىبىچ ئالدىن بەلگىلەنگەن نۇقتىغا بېرىپ يورك بىلەن كۆرۈشتى، ئىككى تەرەپ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى.

كېلىشىم تۈزۈلگەنلىك خەۋىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى پىرۇسسىيە ئارمىيەسى ئىچىدىكى خۇشاللىق مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئارمىيە بايرىمى قىلىندى.

يوركنىڭ بۇ ھەرىكىتى خۇددى قار كۆچكەندەك پۈتكۈل ياۋروپادا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى، شۇنىڭدەك ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا ئېلىپ كىردى.

## 17. شەرەپ بىلەن بېرلىنغا قايتىش

پىرۇسسىيە پادىشاھى فىرىدرىخ ۋىللىئام III تورگېن كېلىشىمى تۈزۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا:

— بۇ خۇددى ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ چاقماق چاققاندەك ئىش بوپتۇ! — دېدى ھەمدە ھاردېنبۇرگنى فىرانسىيە ئەلچىسىگە ئۆزىنىڭ فىرانسىيەگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە گېنېرال يوركنى قانۇن بويىچە جازالاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ تورگېن كېلىشىمىنى ئەستىقلاشنى رەت قىلدى ھەمدە بۇ كېلىشىم قانۇنسىز دەپ جاكارلىدى.

1813 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، فىرانسىيە قوشۇنى ئالدىراپ ـ تېنەپ كونىسبۇرگدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ۋىتگېنشتېين قوشۇنى مەزكۇر شەھەرگە كىردى. رۇسىيە ئارمىيەسى ئاھالىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. كونىسبۇرگ دائىرىلىرى كاتتا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، كىلاۋسېۋىز ۋىتگېنشتېين بىلەن بىللە تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بارون فون ستېين كونىسبۇرگقا كېلىپ، پىرۇسسىيەدە ناپولېئونغا قارشى قوزغىلاڭ تەشكىللەشكە تۇتۇش قىلدى. يورك شەرقىي پىرۇسسىيەدە تېز

ئەسكەر بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە قوشۇن تەشكىللەشكە تۇتۇش قىلدى، ئۆلكە ئاھالىسى بۇنىڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى ھەمدە بەس - بەس بىلەن ئارمىيەگە قاتناشتى.

شەرقىي پىرۇسسىيە پارلامېنتى ناپولېئونغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، خەلقنى قوراللاندۇرۇش پىلانىنى ماقۇللىدى. «مىللىي ئارمىيە ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىغا دائىر مۇھىم نۇقتىلار» دېگەن بۇ پىلانىنى ستېين ئوتتۇرىغا قويدى، كىلاۋسېۋىز يېزىپ چىقتى. بۇ پىلاندا ساۋېنھوستىنىڭ تاكتىكا جەھەتتىكى ئىدىيەسى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

شەرقىي پىرۇسسىيەدىكى ھەممە ئۆلكە ھەرىكەتكە كەلگەن ۋاقىتتا، بېرلىن تېخىچە بىر خىل روھسىز كەيپىياتنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇراتتى. كوتوزوف ۋىتگېنشتېيننى قىسمىنى باشلاپ بېرلىنغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇدى.

بۇ چاغدا يورك قىسمىدىكى ئەسكەر 50 مىڭدىن ئاشتى ھەمدە ئۇلار 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بېرلىنغا قاراپ يولغا چىقتى. گىلاۋدېنىتىز قورغىنىنىڭ قوماندانى يوركنىڭ ھەرىكىتىگە قاتنىشىش - قاتناشماسلىق توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي پادىشاھتىن يولىيورۇق سورىماقچى بولغاندا، يورك ئۇنىڭغا:

— بىز ھەرىكەتچان دەۋردە ياشاۋاتىمىز، بۇ يولىيورۇق سورايدىغان دەۋر ئەمەس، ھەققانىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش قىلغانىكەنمىز، ھېچقانداق ئادەمدىن قورقماسلىقىمىز كېرەك! — دېدى.

پۇتكۇل پىرۇسسىيە ھەرىكەتكە كەلدى. ئارمىيەدىكى كۆپلىگەن قوماندانلار يوركنى قوللىدى، ھەتتا ئىلگىرى ئىسلاھاتقا جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغان گېنېرال فون بېرستېلمۇ بايانات ئېلان قىلىپ يوركنىڭ ھەرىكىتىنى قوللىدى ھەمدە پادىشاھتىن فىرانسىيەلىكلەر بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ،

خەلقنى قولىغا قورال ئېلىشقا چاقىرىشنى ئۆتتۈندى.

بېرلىن خەلقى غەزەپكە كەلدى، ھەممىلا يەردە ئاممىۋى يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش تەلەپ قىلىندى. بىر قىسىم فىرانسىيە ژاندارمىلىرى ئۇردا ئالدىدىكى مەيداندا غەزەپكە كەلگەن ئامىنىنى ئۆلتۈردى.

باش ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ دوستىنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، پادىشاھ ئاخىر بېرلىندىن ئايرىلىپ، 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىشغالىيەت سىرتىدىكى شەھەر بىرېسلاۋغا يېتىپ باردى. مۇبادا ئۇ داۋاملىق بېرلىندا تۇرۇۋەرسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە فىرانسىيەلىكلەرگە ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانمىسا، خەلق ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيتتى. ئەسلىدە تېپتىنچ ئۆلكە مەركىزى بىرېسلاۋ بىردىنلا پىرۇسسىيەنىڭ سىياسىي مەركىزىگە ئايلاندى.

پادىشاھ يەنىلا ئارىسالدىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. باش ۋەزىر ھاردېنبۇرگ ئۇنىڭغا ئارمىيە ـ خەلقنىڭ كەيپىياتىنىڭ تولىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە مۇبادا خەلقنى باسسا زور قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پادىشاھنىڭ پوزىتسىيەسى ئاخىر ئۆزگەردى. ساۋېنھۇست قايتىدىن ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. 1813 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، پادىشاھ پىدائىي ئوۋچى ئەسكەرلەر قوشۇنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. چاقىرىق چىقىرىلغان كۈنىلا بىرېسلاۋ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىسى قەلەمنى تاشلاپ ئەلەمگە ئاتلاندى، نۇرغۇنلىغان ياشلار پىرۇسسىيەنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن بىرېسلاۋغا كېلىپ، بەس ـ بەس بىلەن ئوۋچى ئەسكەرلەر قوشۇنىغا قاتنىششقا تىزىملاتتى.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سىتېين پادىشاھ بىلەن ھاردېنبۇرگقا پىرۇسسىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ھەمدە ساۋېنھۇستنى چار پادىشاھنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىغا بېرىپ سۆھبەتلىشىشكە كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە پىرۇسسىيە پادىشاھى ئاخىر رۇسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش قارارىغا كەلدى.

ساۋېنھۇست كالىسقا بارغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا رۇسىيە بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى رۇسىيە ـ پىرۇسسىيە ئىتتىپاقى ئەھدىنامىسىگە ھاردېنبۇرگ بىرېسلاۋدا ئىمزا قويدى. 28 ـ كۈنى كوتوزوف كالىستا ئىمزا قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ رۇسىيە ـ پىرۇسسىيە دۆلەتلىرىنىڭ بىرلىكتە ئازادلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېچىدە رۇسىيە ئارمىيەسى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، فىرانسىيە ئارمىيەسى بېرلىندىن ئايرىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ۋىتگېنشتېيىننىڭ ئالدىنقى مۇھاپىزەتچى قىسمى پايتەختكە كىردى، ئۇلار شەھەر ئاھالىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋىتگېنشتېين كورپۇسىنىڭ ئاساسىي قىسمى بېرلىنغا يېتىپ كەلدى، كىلاۋسېۋىز ئاتقا مىنىپ ئىشتابتىكى ئوفىتسېرلار بىلەن بىللە قوشۇننىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. كىشىلەر شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى ھەمدە شەھەرگە كىرگەن رۇس ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىگە گۈل ۋە سوۋغات تەقدىم قىلدى. ئاما ئۇلارغا ئۇزۇكسىز ئېھتىرام بىلدۈردى. «ياشىسۇن!»، «ياشىسۇن!» دېگەن ئالقىش سادالىرى ھەممە يەرنى بىر ئالدى.

كىلاۋسېۋىز مانا مۇشۇنداق ئالقىش سادالىرى ئىچىدە بېرلىنغا، ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېشىل

گىرۋەكلىك قارا ھەربىي فورمىسىغا رۇسىيەنىڭ مېدالى تاقالغانىدى، بېلىگە «باتۇر ئەزىمەت» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن خەنجەر ئېسىۋالغانىدى، ئۇنى چار پادىشاھ ئۇنىڭغا بورودىنو ئۇرۇشىدىن كېيىن بەرگەنىدى.

ئۇ ئات ئۈستىدە سۆيۈملۈك خوتۇنىنى ئەسلەۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز «كارل» دېگەن يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ مارىغۇ! كىلاۋسىۋىز ئاتتىن چۈشۈپ يۈگۈرگەن پېتى مارىنىڭ ئالدىغا باردى. ئىككىيلەن مەھكەم قۇچاقلاشتى.

رۇسىيە ئارمىيەسى شەھەرگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يوركمۇ قوشۇن باشلاپ بېرلىنغا يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 18. ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىش

1813 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، پىرۇسسىيە ئاخىر فىرانسىيەگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا مەخپىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ھىپپېر پادىشاھ نامىدا يازغان «پۇقرالىرىمغا چىقىرىلغان يارلىق» ئېلان قىلىندى. «پۇقرالىرىمغا چىقىرىلغان يارلىق» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن 1813 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ساۋىنھوست تۈزۈپ چىققان «زاپاس قوشۇن تەشكىللەش دەستۇرى» ۋە مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىش نىزامى ئېلان قىلىندى.

بىر مەزگىل پىرۇسسىيەدە ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بىرىسلاۋدا كىشىلەر بەس ـ بەس بىلەن ھەربىي سەپكە قاتناشتى، پىرۇسسىيە پادىشاھى بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي يىغلىۋەتتى. كىلاۋسېۋىتز ئېيتقان. «رەزىل پۇل ئۇرۇش ۋە دۆلەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولالمايدۇ» دېگەن سۆز مانا ئەمدى ئىسپاتلانغاندى.

پىرۇسسىيە خەلقىنىڭ سەپەرۋەرلىككە كېلىشىنى ساۋىنھوستتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ تېز ئەسكەر بولۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى، زاپاس قوشۇن تەشكىللەش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلدى.

پىرۇسسىيەدە ئومۇمىي خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش ئىشى يولغا قويۇلغاندا، ناپولېئونمۇ پائال تۈردە ئۇرۇشقا تەييارلىق

قىلدى. ئۇ بىر بۇيرۇق بىلەن 350 مىڭ يېڭى ئەسكەر ئالدى. ئۇ ياۋروپانىڭ بەزى رايونلىرىدىكى قوشۇنلىرىنى يىغدى. پىرۇسسىيە رۇسىيەدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن فىرانسىيە ئارمىيەسىگە ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانمىغاچقا، ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە 2700 نەپەر فىرانسىيە ئارمىيەسى ئوفىتسېرى فىرانسىيەگە قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. ئۇلار يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئارمىيەنىڭ تايانچلىرى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ناپولېئون ئالاھىدە تەشكىللەش ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، زور بىر ئارمىيە بەرپا قىلدى، بۇ ئارمىيە سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى.

رۇسىيە - پىرۇسسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، كوتوزوف بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى بولدى، پىرۇسسىيە تەرەپ ئىككى بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ بىرىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ساۋېنھۇست مەزكۇر بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تازا باب كېلەتتى، ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆزىدىن بەك نارازى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى بۇ ۋەزىپىگە قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشكە بىرۇشېلنى كۆرسەتتى.

بىرۇشېل بوۋاينىڭ بىلىمى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ جەسۇرلۇقى بىلەن داڭق چىقارغانىدى، ئۇ دۇرۇس ئادەم بولۇپ، ھەرقانداق بىر ئورۇندا ئىشلىسە غەيرىتى يېتەرلىك ئىدى، ئۇنىڭ يېشى 70 كە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، كۆپلىگەن قېرى ئوفىتسېرلارغا ئوخشاش قېرىلىقنى پەش قىلىدىغان، ئۆز گېپىنىلا يورغىلىتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

ساۋېنھۇست بىر قالتىس ھەربىي ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭدەك نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر ئەمەس ئىدى.

تەقدىر ئۇنى باشتىن ـ ئاخىر بىر بىرلەشمە ئارمىيەگە مۇستەقىل قوماندانلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىدى. ئۇ بىرۇشىلنىڭ باش مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەندى.

ئەنگلىيەدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن گىنىيسناۋ مەزكۇر كورپۇسنىڭ ھەربىي لازىمەتلىكلەر باش مۇپەتتىشى بولدى. بۇ چاغدا يەنە بىر نەپەر ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ئورنى بوش ئىدى. ساۋېنھۇست كىلاۋسېۋىزغا مۇنداق بىر پارچە خەت يازدى: «مەن ئۆزۈمدىن بۇيان سىز بىلەن بىللە خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتىمەن، سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزغا ئەزەلدىن تولىمۇ قايىلمەن،... ئىككىمىز پىكىر قىلىش تالانتى جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، يوشۇرۇن ھالدا بىردەك ھەمكارلىشىدىغانلا بولساق، بېكىتىلگەن نىشانغا مۇھىم قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز.» دەسلەپتە ئۇلار ئۇچەيلەن بىرلىكتە تىرىشىش ئارقىلىق پىرۇسسىيەنىڭ يېڭى تىپتىكى ئارمىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغانىدى.

4 ـ ئاينىڭ بېشىدا كىلاۋسېۋىز دىرېسدېندا تۇرۇۋاتقان بىرۇشىل بىرلەشمە ئارمىيەسىگە يېتىپ باردى، ئۇنى ساۋېنـ ھۇست، گىنىيسناۋ قاتارلىق قەدىناس دوستلىرى قىزغىن كۈتـۈـ ۋالدى، ئۇنىڭ سابىق باشلىقى شاھزادە ئاۋگۇستۇس ئۇنىڭغا دوستانە مۇئامىلە قىلدى، باشقىلار يەنىلا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. كېيىن ئۇ ساۋېنھۇستتىن پادىشاھنىڭ ئەينى يىللاردا رۇسىيە ئارمىيەسىگە قاتناشقانلارغا تولىمۇ نەپرەتلىنىدىغانلىـ قىنى، ئۇنىڭ پىرۇسسىيە ئارمىيەسىدىكى تەۋەلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى مەنسىتمەسلىك، كەمسىتىش تەلەپـ پۇزىدا رەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى.

كىلاۋسېۋىز كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ئاغرىنىپمۇ كەتمىدى. ئۇ دوستلىرى بىلەن جەم

بولغانلىقى، ئۇلار بىلەن بىللە خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدى، كەيپىياتىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ياخشى بولدى.

كىلاۋسېۋىز مارىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مېنىڭ پەخرىم، خورلۇق ئىچىدە ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلسام ھەسسىلەپ پەخىرلىنىمەن... مېنىڭ ھاقارەت ۋە كەمسىتىشلەرگە قارىماي پىرۇسسىيە ئارمىيەسىگە قايتىپ ۋەزىپە ئۆتىشىم، بەزى كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىشىم زادى كىم ئۈچۈن؟ نەتىجەمنىڭ كۆرۈنەرلىك، ئىپادەمنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى زادى كىم ئۈچۈن؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەننىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن، بۇلار ھەرگىزمۇ پىرۇسسىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ مانداتى ئۈچۈن ئەمەس ـ تە... بىرۇشېل، ساۋېنھوست ۋە گىنېسناۋلار ماڭا قەۋەتلا يېقىنچىلىق قىلىدۇ، بۇنداق بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە بولۇشنى، قەدىرلەشنى ۋە دوستانىلىكنى كىشىلەر پەقەت ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ...»

ئەينى چاغدا ناپولېئون 180 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ لېئىپزىگقا يۈرۈش قىلدى. ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانىدى. 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىرۇشېلنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسى دۈشمەنگە تاقابىل تۇردى.

كىلاۋسېۋىز دوستلىرى بىلەن مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ ئازادلىق ئۇرۇشقا قاتناشتى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 19. يىقىن دوستىدىن ھەسرەت ئىچىدە ئايرىلىش

رۇسىيە ـ پىرۇسسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى ناپولېئون ئارمىيەسى بىلەن لۈتزېننىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ گىرسېن كەنتىدە ئۇچراشتى.

رۇسىيە ـ پىرۇسسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى دۈشمەنگە ھۇجۇم قوزغىدى. چوڭ گىرسېننى تالىشىش جەريانىدا كىچىك گىرسېن قاتارلىق كەنتلەردە ئۇرۇشنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كەنت ئەتراپىدا خەندەكلەر ئۇ تەرەپتىن ـ بۇ تەرەپكە تۇتىشىپ كەتكەن، چاتقاللار بولۇق ئۆسۈپ كەتكەن بولغاچقا، بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەيۋىتىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسىم ھەربىي يۈرۈشتە كېچىكىپ قالغاچقا، تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسىم ئەسكەر ئۇرۇشقا قاتنىشالمىدى، نەتىجىدە ناپولېئون ئەسكىرىي كۆچ جەھەتتە روشەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

لېكىن، جەڭدە پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەرلىرى مىسلىسىز باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ئالتە يىلدىن بۇيان خەلق تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ئۇچرىغان ھاقارەتلەر ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش، ناپولېئوننىڭ ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش روھىنى ئۇرغۇتتى، ئەسكەرلەر قۇربان بېرىشتىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىشنى تالاشتى.

جەڭنىڭ 2 ـ كۈنى ساۋېنھۇست بىر ئاخبارات خەۋىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «كىشىلەر جەڭ مەيدانىدا ئوفىتسېرلارنىڭمۇ خۇددى پىرۇسسىيە ئەسكەرلىرىدەك ئۇرۇش قىلىشۋاتقانلىقىنى، يارىدار مىدىرلىيالمىسىلا، قولىدىكى قورالنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. جەسەتلەرنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋالغانلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. جەڭچىلەرنىڭ قەلبى ئۇرۇش ئىپتىخارلىقى بىلەن تولغانىدى.»

بىرنەچچە سائەتلىك تۇتۇشۇشقا قاتناشقان كىلاۋسېۋىز كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش ناھايىتى تەس ئىدى. مەن قولۇمغا قىلىچ ئېلىپ دۈشمەن قوشۇنى ئارىسىغا كىرىپ باتۇرلۇق بىلەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم. مۇبادا بۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلار بولىدىغان بولسا، ئالىي دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېرلارنىڭ بۇنداق قىلىشى قېلىپتىن چىقىپ كەتكەنلىك بولاتتى، لېكىن ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلدى...»

پېشقەدەم گېنېرال بىرۇشېل قوشۇنىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، سول قاناتتىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇ مۇشتىكىنى تەمكىنلىك بىلەن بىر شورىۋالدى ـ دە، ئات چاپتۇرۇپ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىقتەك ئىپادىسى ئەسكەرلەرنىڭ غەيرىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ساۋېنھۇستنىڭمۇ كۈرەش قىلىش ئىرادىسى ئىنتايىن ئۈستۈن ئىدى، ئۇ قىلىچىنى پۇلاڭلاتقان پېتى پىيادە ئەسكەرلەر ۋە ئاتلىق ئەسكەلەرنىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ، قىسىمغا باشلامچىلىق قىلىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ ئەسكەرلەرگە مەدەت بەردى. كەچتە ئۇ ئېغىر يارىلاندى، شۇ چاغدىلا كىشىلەر ئۇنى جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتتى.

ناپولېئوننىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئەسكىرىي كۈچىدىن كۆپ بولغاچقا، كەچ كىرگەندە بىرلەشمە ئارمىيە تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىندى.

20 كۈندىن كېيىن رۇسىيە ـ پىرۇسسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى بىلەن ناپولېئون قوشۇنى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 96 مىڭ، ناپولېئوننىڭ ئەسكىرىي كۈچى 163 مىڭ ئىدى. ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتىكى پەرق بەك زور بولغاچقا، شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن بىرلەشمە ئارمىيە تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىندى.

ساۋېنھۇست چوڭ گىرسىپندىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدە يارىلانغاندىن كېيىن ۋاقتىدا داۋالانمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كېچە ـ كۈندۈز زاپاس قوشۇن تەشكىللەش مەسىلىسىنى ئىگىلەش جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇ ئاۋسترىيەنىڭ ئىتتىپاققا كىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن تۇرۇقلۇق ۋېناغا باردى. ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا كېسەل بىلەن ئېلىشقاچ ئاۋسترىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى رېدېسنسكىي قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلەشتى، ئۇلار ئاۋسترىيەنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ بىرلەشمە ئارمىيەگە ياردەملىشىپ ئۇرۇش قىلىشىغا قوشۇلدى. ئىتتىپاق ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

ساۋېنھۇست كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپمۇ بەزى يېڭى ئۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزدى. گىرولمان ئۇنى يوقلاپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئاۋسترىيە تەرەپنىڭ ئۇ تۈزگەن ئۇرۇش پىلانىنى قوللىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆز چانىقى ياش بىلەن نەملەندى، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىمۇ ئېسىدىن چىقارمىغىنى خوتۇنى فىرىدرىخ گېنسلېر بىلەن ۋەتىنى ئىدى.

ئۇنىڭ جاراھەتى يامانلىشىپ كەتكەچكە، 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سائەت 11دە، كىلاۋسېۋىزنىڭ «ھاياتىدىكى ئەڭ يېقىن ئادىمى، باشقا ئادەم ئورنىنى باسالمايدىغان دوستى» ساۋېنھۇست پىراگادا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇنىڭ ئۆلۈمى كىلاۋسېۋىزنى ئىنتايىن قايغۇغا قويدى. ئۇ گىنېيسىناۋ بىلەن بىللە مەرھۇم دوستىغا تەزىيەنامە يازدى، تەزىيەنامىدە مۇنداق يېزىلغانىدى: «ئۇ زامانىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ نىشانى ئېنىق، ئىرادىسى مۇستەھكەم، بىلىملىك ئىدى، ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلاردىن خالىي ئىدى، ئۇ قۇرۇق شۆھرەتپەرەسلىككە زادىلا قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە قابىلىيىتىنى گېرمانىيە مەڭگۈ شەرەپ دەپ بىلىدۇ، بۇ ھال ساۋېنھۇستنى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان سىياسىيون ۋە ھەربىيگە ئايلاندۇردى.

ئۇ كىشىلەرگە بەك ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى، تۇرمۇشتىكى باردى ـ كەلدىدە ناھايىتى سەمىمىي ۋە ساداقەتمەن ئىدى، ھېسسىيات جەھەتتە مېھرىبان ۋە ئالىيجاناب ئىدى، بۇ ھال ئۇنى ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىغا ھۆسن قوشقۇچى سۆيۈملۈك شەخسكە ئايلاندۇردى.»

كىلاۋسېۋىز بىلەن ساۋېنھۇست ئىدىيە جەھەتتە زادىلا ئايرىلمايدۇ. كىلاۋسېۋىز ساۋېنھۇستنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن كېيىن ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەسىگە دائىر زور تەسىرگە ئىگە ئەسەر يېزىپ چىقتى. كىلاۋسېۋىز كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇنىڭغا يۈز مىڭ رەھمەت ئېيتىدىغانلار، ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلار ئىچىدە، ھېچكىم ئۇنىڭ شەپقىتىگە مەندەك چوڭقۇر ئېرىشەلمىگەن.»

www.uyghurkitap.com

## 20. رۇسىيە ـ گېرمانىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىدە ئىشتاب باشلىقى بولۇش

ساۋېنھوۋست ۋاپات بولغاندىن كېيىن گىنېسناۋ ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. كىلاۋسېۋىز ئىلگىرىكى ۋەزىپىسىدە تۇرۇۋەردى.

1813 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ناپولېئون بويسۇۋېزدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ پادىشاھنىڭ ناپولېئونغا باش ئەگكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراپ، بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

كىلاۋسېۋىز قىسمىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ۋە خەلققە ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، «1813 ـ يىلى ئۇرۇش توختاشتىن ئىلگىرىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى» دېگەن تېمىدا بىر بىروشيۇرا يېزىپ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توختىتىشنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى پايدىسىنى ئىزاھلىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: كىشىلەر شۇنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەككى، دۈشمەن تەرەپ بىلەن بىزنىڭ ئەسكىرىي كۈچىمىز تەڭ بولغان بولسا، چوڭ گىرىسېن ۋە بائۇتزېن ھەل قىلغۇچ جېڭى ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان بولاتتى.

بۇ كارامەت ياخشى ئەسەر بولۇپ، ناھايىتى كۆپ مىقداردا تارقىتىلدى؛ بۇ بىروشيۇرا كىلاۋسېۋىزنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئىدىيەسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن يۇكسەكلىككە يەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاجايىپ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىچىسى ۋە مۇتەپەككۇرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

گىنېسىناۋ پادىشاھقا كىلاۋسېۋىزنى مۇدىر ئىشتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ ئۆزىگە ياردەمچى قىلىش تەكلىپىنى بەرگەندە، فىرىدرىخ ۋىللىئام:

«مەن فون كىلاۋسېۋىزنى ساڭا ئەۋەتىپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى ئۇ ھازىر رۇس ئىمپېرىيەسى ئارمىيەسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتىدۇ ـ دە...» دەپ جاۋاب بەردى.

گىنېسىناۋ كىلاۋسېۋىزنىڭ پىرۇسسىيە قوشۇنىدىكى تەۋەلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ھارماي ـ تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ پادىشاھتىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنگەندە پادىشاھ يەنە بىر قېتىم كەسكىن رەت قىلدى. گىنېسىناۋ كىلاۋسېۋىزنىڭ چوڭ گىرسېن ھەل قىلغۇچ جېڭىدىكى ئىپادىسىنىڭ گەۋدىلىك بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا كىرېست شەكىللىك ئوردېن بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پادىشاھ «چەت ئەللىك»كە ئوردېن بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ رەددىيە بەردى.

بۇ چاغدا رۇسىيە ـ گېرمانىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى تەشكىل قىلىنىپ بولۇندى، بۇ بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 28 مىڭ بولۇپ، بىرنەچچە دۆلەت ئارمىيەسىدىن تەركىب تاپتى، بۇ ئارمىيە مېكلېنبۇرگقا ئورۇنلاشتى. بۇ بىرلەشمە ئارمىيەگە ئاۋستىرىيە گېنېرالى ۋارمۇدىن قوماندانلىق قىلدى، ئۇ شىمالىي بىرلەشمە ئارمىيە ئىشتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىلاۋسېۋىز 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇرۇش يەنە بىر قېتىم پارتلىدى. مەزكۇر بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت شىمالىي بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئوڭ قانىتىنى فىرانسىيە ئارمىيەسى بىلەن دانىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراتماسلىقتا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. شۇڭا، ئوفىتسېرلارنى سۇبيېكتىپ ھەرىكەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى.

بۇ بىرلەشمە ئارمىيە گېردېدا فىرانسىيە گېنېرالى پېيسېن قوماندانلىقىدىكى بىر دىۋىزىيە بىلەن جەڭ قىلدى. جەڭدە فىرانسىيە ئارمىيەسى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. 3000 دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى، ئاران 2000 دىن ئارتۇق ئادىمى ئېلبا دەرياسىدىن ئۆتۈپ قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ غەلىبە قازىنىشىنى ئىشتاب باشلىقى كىلاۋسېۋىزنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قوماندانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

كىلاۋسېۋىز خوتۇنىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇم ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، بىرنەچچە دۈشمەن قوشۇنى قېچىپ قۇتۇلالمىغان بولاتتى. ئەينى چاغدا ئەگەر كەچ كىرىشتىن ئىلگىرى يەنە بىر سائەت قوغلاپ زەربە بېرىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن بولسا، گېنېرال پېيسېننىمۇ ئەسىر ئالغان بولاتتۇق.»

ئۇرۇش غەلىبە قىلىپ 3 ـ كۈنى كىلاۋسېۋىز پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلدى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ 300 مىڭ ئادىمى بىلەن ناپولېئوننىڭ 200 مىڭ كىشىلىك زور ئارمىيەسى لېيپزىگدا شىددەتلىك جەڭ قىلدى. بۇ بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە جەڭ بولدى.

ئۈچ كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار ھەرقايسىسىنىڭ 40 مىڭدىن 50 مىڭغىچە ئادەم بولدى. جەڭ مەيدانى تاشلاندۇق قورال ـ ئۈسكۈنىلەر بىلەن تولدى، نەگىلا قارىسا جەسەت ۋە ئۈزۈلگەن پۇت ـ قوللارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ھەممە يەر قىپقىزىل قانغا بويالدى، ئۇرۇش ناپولېئوننىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى www.uyghurkitap.com

# 21. پىرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ 3 ـ كورپۇسىدا ئىشتاب باشلىقى بولۇش

لېيپزىگ ھەل قىلغۇچ جېڭى ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى خەتەر ئۆتۈپ كەتتى دەپ قاراپ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈستىدە چوت سوقۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئىشغال قىلىنغان زېمىنلار ئۈستىدە سودىلىششقا باشلىدى ھەمدە تېخىمۇ كۆپ ئولجىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە سۈيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەربىي يۈرۈش قىلىشنى خالىمىدى.

كىلاۋسېۋىز بىلەن گىنېيسناۋ ئوخشاشلا ناپولېئوننى ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن چوقۇم فىرانسىيە زېمىنىغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى.

كېيىن بىرلەشمە ئارمىيە ئاخىر رېين دەرياسىدىن ئۆتۈپ فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلغاندىلا، كىلاۋسېۋىز تۇرۇۋاتقان ۋارمۇدېننىڭ كورپۇسىمۇ ھەرىكەتكە كەلدى، ئۇلار مۇداپىئەسى مۇستەھكەم ھامبۇرگنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رۇسىيە ـ گېرمانىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى بۈيرۈققا بىنائەن بېلگىيەگە يۈرۈش قىلدى.

بىرلەشمە ئارمىيە ناپولېئون ئارمىيەسىگە قوغلاپ زەربە بېرىش سەپىرىدە يەنە بىرنەچچە مەيدان قانلىق جەڭ قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى موناتردىكى (پارىژنىڭ شىمالىدا)

ئېگىزلىكتە بۇ قېتىمقى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق جەڭ بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بىرلەشمە ئارمىيە پارىژغا كىردى. ناپولېئون مەغلۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى جاكارلاندى ھەمدە ئېلبا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى.

1814 ـ يىلى 4 ـ ئايدا رۇسىيە ـ گېرمانىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى گىنېسناۋ ۋە ستېيىننىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە پىرۇسسىيە ئارمىيەسىگە كىردى. كىلاۋسېۋىزنىڭ غۇرۇرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ «پۇتكۈل بىرلەشمە ئارمىيە بىلەن بىللە ئۇن ـ تىنسىز ھالدا پىرۇسسىيە ئارمىيەسىگە قوشۇلۇپ كېتىش»نى خالىماي، پادىشاھقا ئۆزىنىڭ پىرۇسسىيە ئارمىيەسى تەۋەلىكىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئوچۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ پادىشاھ تارقاتقان پىرۇسسىيە پولكوۋنىكلىق مانداتىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئاخىر ئۇ يوللۇق ھالدا ئۆز ئارمىيەسىگە قايتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى مارى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار گىنېسناۋ بىلەن بىللە ئاشپىنغا بېرىپ يازنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. كىلاۋسېۋىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جاھىل رېماتىزم كېسىلىنى داۋالاتماقچى ئىدى.

كۈزدە ۋېنا يىغىنى ئېچىلدى.

ۋېنا يىغىنىدا ھەرقايسى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى ۋە سىياسىيونلىرى ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان زېمىن سودىسىنى باشلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى خەلقنى ئالداپ، ناپولېئوننى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن غەلىبە مېۋىسىنى بۆلۈشۈۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ۋېنادىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى تانسا ۋە زىياپەتلەردە ھە دەپ كۆڭۈل ئاچماقتا ئىدى، گېرمانىيەدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارزۇسى ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ھىيلە - مىكرى ۋە كەيىپ - ساپالىق تۇرمۇشى تەرىپىدىن نابۇت قىلىندى.

1814 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، سىياسىيون گېنتزنىڭ ۋېنادىن بەرگەن خەۋرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پادىشاھ ۋېنادا پوخادىن چىققۇچە ئوينىۋالدى. يىغىندا قىلچىلىك ئىلگىرىلەش بولمىدى، ئۇلار پەقەتلا تانسا ئويناۋاتىدۇ.»

بۇ چاغدا تانسخانا ۋە زىياپەت زاللىرىدا تۇيۇقسىز خۇددى پارتلاتقۇچقا ئوخشاش، ناپولېئون ئېلبا ئارىلىدىن قېچىپ فرانسىيەنىڭ گانا ئەتراپىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپتۇ، ئۇ ھازىر ئارمىيەنىڭ ھىمايىسىدە پارىژغا كېلىۋېتىپتۇ. ۋېنادا يىغىن ئېچىۋاتقان كۈچلۈك دۆلەتلەر ھاپىلا - شاپىلا يىغىپاشتىن ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالاپتۇ، يەنە يېڭى ئۇرۇش باشلىنىدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقالدى.

كىلاۋسېۋىز پىرۇسسىيە 3 - كورپۇسىنىڭ ئىشتاب باشلىقى سۈپىتىدە بىرۇشپىلنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلاندى. مارى ئېرى بىلەن بىللە تۇرۇش ئۈچۈن قىسىمغا كېلىپ بىر دوستى — گىراف خانىم بىلەن دالا ئۇرۇشى دوختۇرخانىسىدا ياردارنى كۆتتى.

پىرۇسسىيە ئارمىيەسى گىنېيسناۋ، بىرۇشپىل قاتارلىق داڭلىق ئوفىتسېرلارنىڭ قوماندانلىقىدا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ناپولېئون فرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ 125 مىڭ ئەسكىرىنى باشلاپ لىنىغا يېقىن جايدا بىرۇشپىلنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قوزغىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئىككى بىرلەشمە ئارمىيە ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تارمار قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە جەڭ باشلاندى. جەڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئېگىزلىككە جايلاشقان 3 ـ كورپۇس تازا زور رول ئوينىيالمىدى. كەچقۇرۇن پىرۇسسىيە ئارمىيەسى ئۇستۇنلۇككە ئىگە دۈشمەن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشكە باشلىغاندا، بۇ كورپۇس ئاندىن ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىنى توستى. ياشىنىپ قالغان بىرۇشېل ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئەڭ ئاخىرقى زاپاس ئەترەتنى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى. كەچ كىرگەندە پىرۇسسىيە ئارمىيەسى كېچىدىن پايدىلىنىپ چېكىندى.

ناپولېئون گېنېرال گىرۇشنى 1 ـ كورپۇسنى باشلاپ پىرۇسسىيە ئارمىيەسىگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۆزى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى ۋېللىنگتون قوماندانلىقىدىكى ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىگە تاقابىل تۇرماقچى بولدى.

كۆپچىلىك گىنېسناۋ قوشۇننى باشلاپ نامۇر ئارقىلىق رېين دەرياسى بويىغا چېكىنىدۇ دەپ قاراشقانىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ۋېللىنگتون بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن دادىللىق بىلەن نىشانىنى ئۆزگەرتىپ ۋافېر[1] غا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇ بۇنداق قىلغاندا گەرچە ئارقا تەرەپ بىلەن ئالاقىلەشكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ۋېللىنگتون بىلەن بىرلىشىپ ناپولېئونغا زەربە بەرگەندىلا ئاندىن غەلىبە قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

گىنېسناۋنىڭ بۇ ھەرىكىتى ۋاتېرلو ھەل قىلغۇچ جېڭىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئۇ تاكى ناپولېئون سان ھېلىنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغانغا قەدەر بۇ ھەرىكەتنى «تالانتنىڭ چاقنىشى» دەپ ئاتىدى.

① بېلگىيەنىڭ بىرابانت ئۆلكىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

## 22. ناپولېئوننى مەغلۇپ قىلىش

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناپولېئون ۋاتېرلو ئەتراپىدا ۋېللىنگتون قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلەپ يارىلىنىش ۋە ئۆلۈشىگە قارىماي، ئاۋۋالقىدەكلا بىر غېرىچ يەرنىمۇ تارتتۇرۇپ قويماي، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارەت بىلەن ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمەننىڭ كەينى ـ كەينىدىن قىلغان ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. كەچقۇرۇن گېنېسناۋ قوماندانلىقىدىكى پرۇسسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى جىددىي يۈرۈش قىلىپ ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى ھەمدە بايلى ـ ئالىئانس① ئەتراپىدا فرانسىيە ئارمىيەسىگە سول تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغىدى.

كىلاۋسېۋىز تۈرۈۋاتقان 3 ـ كورپۇس بۇيرۇققا بىنائەن ئاساسىي قوشۇننىڭ ئارقا تەرىپىدە قېلىپ ۋافېر رايونىنى كۆزەتتى ھەمدە دىل دەرياسىنى ساقلىدى، شۇ ئارقىلىق لىئونغا بارىدىغان تاشيولنى قوغدىدى. پرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي قىسمى پايدىسىز ئەھۋالدا مۇشۇ تاشيولدىن پايدىلىنىپ چېكىنەتتى. دەسلەپتە ۋافېر ئەتراپىدىن تۇيۇقسىز دۈشمەننىڭ كۈچلۈك بىر قوشۇنى چىقىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەسلىي جايىغا قايتىپ كەتتى. ئەتىگەن سائەت تۆتتە ئۇلار دۈشمەن بىلەن

① ۋاتېرلونىڭ جەنۇبىدىكى بىر مېھمانخانا، بىريۇسسېلنىڭ 20 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا، شۇڭا ۋاتېرلو ئۇرۇشى بايلى ـ ئالىئانس ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تۇتۇشتى. دۈشمەن تار يولدىن زورلۇق بىلەن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن پىرۇسسىيە ئارمىيەسى بازىنى مەھكەم ساقلىغاچقا، مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

ئەنگلىيە ئارمىيەسى چارچاپ كەتكەچكە، دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى پىرۇسسىيە ئارمىيەسى ئۈستىگە ئالدى. گنېيسناۋ قىسمىدىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، قاچقان دۈشمەنلەرگە قوغلاپ زەربە بەردى، دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ يېڭىباشتىن يىغىلىپ قوشۇن بولۇش نىيىتى بىتچىت قىلىندى. ناپولېئوننىڭ ئارمىيەسى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىندى.

ھەل قىلغۇچ جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن گنېيسناۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ۋاتېرلو جېڭى ئالەمشۇمۇل جەڭ بولدى. بىز ئەزەلدىن بۇنداق قالتىس جەڭ قىلىپ باقمىغانىدۇق، ئەزەلدىن دۈشمەننى بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالدۇرالمىغانىدۇق.

جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى، ئەتراپىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان توپ ئوقلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بەزىلەر ماڭا ئەھۋال مەلۇم قىلغاندا، مەن ھېچنەرسىنى ئاڭلىيالمايتتىم.

بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئۆزۈكسىز كۈچەيتىلگەچكە، ئېھتىيات بىلەن قەدەممۇقەدەم دۈشمەنگە يېقىنلاشتى. ھەرقايسى باتالىيونلارنىڭ چاسا شەكىللىك سەپ تۈزۈپ، ئېگىزلىكتىن چۈشۈۋاتقان مەنزىرىسى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئىدى. دۈشمەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا يەنىلا بەربات بولدى.

مەن دۈشمەنگە تىنىۋالغۇدەك پۇرسەت بەرمەي، دەرھال قىسمىنى باشلاپ غەلىبىلىك ھالدا قوغلاپ زەربە بەردىم. ناپولېئون ئەسلىدە گېناپپېدا ئارام ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، يېقىنلاپ كېلىۋاتقان توپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تاپانچىنى ئېلىپلا ئالدىراپ - تېنەپ قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورۇن - كۆرپىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدەك بىلىيارت دەستىلىك خەنجىرى قولىمىزغا چۈشتى. مەن ناپولېئوننىڭ تامغىسىنى غەنىيمەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ساقلاپ قويدۇم.

بۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ جەڭدە بىزمۇ ئاز چىقىم تارتمىدۇق، ئۈچ كۈنلۈك جەڭدە تەخمىنەن 22 مىڭ ئادەم يارىلاندى ۋە ئۆلدى.»

بىرلەشمە ئارمىيە جىددىي يۈرۈش قىلىپ پارىژغا كىردى. كىلاۋسېۋىز كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «فىرانسىيەگە يۈرۈش قىلغاندا بىزنىڭ بىچارە ئەسكەرلىرىمىز زور بەدەل تۆلىدى. 20 – چېسلادىن باشلاپ ئوزۇق – تۈلۈك يېتىشمىدى، دائىم سىم – سىم يامغۇر يېغىپ تۇردى، بىز ئوچۇقچىلىقتا يېتىپ – قوپۇپ 80 كىلومېتىر ئىلگىرىلىدۇق. ئارمىيەمىز كېچە – كۈندۈز جىددىي يۈرۈش قىلىپ ناھايىتى جاپا چەكتى، ھەتتا بەزىلەر بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى... رىماتىزىم كېسىلىم قوزغىلىپ قېلىپ مېنى بەكمۇ ئازابلىدى، مەن ئۇخلاش ئۈچۈن بىرمۇنچە ئەپيۇن يېدىم.»

6 – ئاينىڭ 8 – كۈنى پىرۇسسىيەنىڭ 1 – كورپۇسى پارىژغا كىردى، ئەتىسى كىلاۋسېۋىز 3 – كورپۇس بىلەن بىللە پارىژغا كىردى.

مارشال بىرۇشېل ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە فىرانسىيە خەلقى ئۈستىدىن ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. كىلاۋسېۋىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئېچىندى.

ئۇرۇشتىن كېيىن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر — ئەنگلىيە، روسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە پىرۇسسىيەنىڭ ۋەكىللىرى پارىژدا تىنچلىق يىغىنى ئۆتكۈزدى. ناپولېئون جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى سان ھېلېنا ئارىلىغا پالاندى، خەلق ئۇزۇندىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن تىنچلىق ئاخىر يېتىپ كەلدى. ۋېنا يىغىنىدا چىقىرىلغان

گېرمانىيەنىڭ بۆلۈنۈپ تۇرۇش ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدىكى قارار[1] پارىژ يىغىنىدا تەستىقلاندى، گېرمانىيە يەنىلا بىرلىككە كېلەلمىدى.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان كىشىلەر ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندى. كىلاۋسېۋىزنىڭ تېخىمۇ روھى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ غەلىبە ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. زالىم پادىشاھ مەغلۇپ قىلىنغان مەنزىرىنى كۆردى. ھازىر غەلىبە مېۋىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگىنىنىمۇ كۆردى. بۇنىڭدىن ئۇ بەكمۇ ئۈمىدسىز-لەندى.

بۇ چاغدا كىلاۋسېۋىز خوتۇنىنى، تەقدىرى بىر - بىرىگە باغلانغان ھەمراھىنى بەكمۇ سېغىندى. 8 - ئايدا گېنېسناۋ مارىغا بىر ھەربىي پاسپورت بېجىرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مارى فىرانسىيەگە باردى. ئاينىڭ ئاخىرىدا كىلاۋسېۋىز ئۇنىڭ ئالدىغا — كومپېگنېغا باردى، ئىككىيلەن شۇ يەردە جەم بولدى.

[1] 1815 - يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ۋېنا يىغىنىدا بىر پارچە ھۆججەت ئىمزالىنىپ، گېرمانىيە 39 ئىشتاتتىن قۇراشتۇرۇلغان تارقاق تەشكىلىي شەكىلدىكى دۆلەت قىلىندى ھەمدە «فېدېراتىپ گېرمانىيە» دېگەن نام تارىخ سەھىپىسىگە كىرگۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurbook.com

## 23. ئەڭ ياش گېنېرال

2 ـ قېتىملىق پارىژ سۈلهى شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كىلاۋسىۋىزغا نىسبەتەن تەرەپ ـ تەرەپتە ئۇرۇش قىلىشتەك خەتەرلىك ۋە جاپالىق كۈنلەر ئاخىر ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ بىر كورپۇسنىڭ ئىشتاب باشلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ كورپۇس رېين دەرياسى بويىغا ئورۇنلاشتى، گىنىپسناۋنىڭ قوماندانلىقىغا تەۋە بولدى. قوماندانلىق ئىشتابى كوبلېنستا تەسىس قىلىندى. بۇ رېين دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان گۈزەل شەھەر بولۇپ، كىلاۋسىۋىز مارى بىلەن هاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك ۋە خاتىرجەم بىرنەچچە يىلنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزدى. كىلاۋسىۋىز ئۆزىدىن 20 ياش چوڭ گىنىپسناۋ بىلەن ئىسلاھات كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان چاغدا دوستلۇق ئورناتقانىدى. بۇ دوستلۇق كوبلېنستا تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئۇلار تېخىمۇ يېقىن بولۇپ كەتتى. مېهماندوست گىنىپسناۋ هەمىشە مۇهىتى گۈزەل باغلىق هويلا شەكلىدىكى تۇرالغۇسىغا دوستلىرىنى چاقىراتتى. كىلاۋسىۋىز بىلەن مارى بۇ جاينى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار گېنېرالنىڭ قېشىدا نۇرغۇن گۈزەل كېچىلەرنى ئۆتكۈزدى.

گېنېرال گىنىپسناۋ هۆكۈمەت ئىشى بىلەن سىرتقا چىققاندا، كېمە بىلەن رېين دەرياسىدا مېڭىشنى، دوستلىرى ۋە

ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىللە ئېلىۋېلىشىنى ياخشى كۆرەتتى. كىلاۋسېۋىز ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۆپ قېتىم گېنېرالغا ھەمراھ بولۇپ سىرتقا چىققانىدى.

بىر قېتىم گېنېرال سەپەرگە چىققاندا كىلاۋسېۋىز قاتارلىقلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار خوتۇنلىرىنى بىللە ئېلىۋالمىغانىدى. كېمە رېيۇسسپلھېيمدا توختاپ ئۇلار بۇ يەردە قونماقچى بولغاندا، گېنېرال ئايدىڭدا دەريا بويىدىكى ئورمانلىق يولدا ئايلىنىپ كېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كىلاۋسېۋىز ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئويلىمىغان يەردىن ئۇ يەردە خوتۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ھەممەيلەن تولىمۇ ھەيران بولىدۇ. ئەسلىدە بۇنى گېنېرال كۆپچىلىكنى ئويلىمىغان يەردىن ھەم ھەيران قالدۇرۇش، ھەم خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە مەقسەتتە يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىكەن.

گىنېسناۋ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر كۈندە دېگۈدەك ئاشۇنداق خۇشال ئۆتسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتى باشتىن - ئاخىر ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ھەممەيلەن روھىي جەھەتتىن ھۇزۇرلىنىشقا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇلار ئەدەبىيات كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ژان پائۇل ۋە گىيوتېنىڭ ئەسەرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلاتتى.

گىنېسناۋ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەچكە، رېين ئۆلكىسىدە ئۇنىڭ ئىناۋىتى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ باردى. بۇ ھال يەرلىك دائىرىلەرنى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇلار گىنېسناۋنى ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، كۆزىتىشكە باشلىدى. گېنېرال بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، سىلېزىيەدىكى قورۇقىغا بېرىپ، ئۆيىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپ، ئائىلىۋى بەختتىن بەھرىمەن بولدى.

بۇ مەزگىلدە ئوردا ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن گېرمانىيەدە ژاندارما ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىپ، گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغانلارنى شەپقەتسىزلەرچە باستۇردى. گىنېساۋ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، سىتېين ئوردىغا قارشى چىقتى دېگەن گۇمان بىلەن سىياسىي تۇرمۇشتىن مەجبۇري ئايرىۋېتىلىپ، پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا قويۇلدى. بىرۇشېل بەتنام چاپلانغاچقا، ئاچچىقىدا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئەدىب ئارنېمو تەلىيى كاج كېلىپ پىروفېسسورلۇق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىلدى ھەمدە ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى دېگەن جىنايەت بىلەن سوتقا تارتىلدى.

گىنېساۋ بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن كىلاۋسېۋىز ئەر ـ خوتۇن ۋە باشقا مەسلەكداش دوستلىرىنىڭ كوبلېنستىكى تۇرمۇشى مەيۈسلۈك ئىچىدە زېرىكىشلىك ئۆتتى.

1818 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، كىلاۋسېۋىز بېرلىن ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى ھەمدە شۇ يىلى 9 ـ ئايدا گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلدى. ئەينى چاغدا ئۇ ئاران 38 ياشتا بولۇپ، ھەربىيلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى گېنېرال بولۇپ قالدى.

## 24. پانىي ئالەم بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىش

كىلاۋسېۋىز ئىلگىرى ئۆمىدكە تولغان هالدا بېرلىنغا كېلىپ، ساۋېنھوستىننىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ھەربىي تۇرمۇشنى باشلىغانىدى. مانا ئەمدى 38 ياشلىق بۇ گېنېرال يەنە ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىپىگە قايتىپ كەلدى. گىنېسناۋ ئوبلىپنىستىكى ۋاقتىدا، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشتىن ئىلگىرى، باشلىقىغا ئۇنى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا كۆرسەتكەنىدى، گىنېسناۋ دوستىنىڭ بىلىملىك، ئالاھىدە ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە رەھبەرلىك قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

كىلاۋسېۋىز ئەسلىدە كەلگۈسىدە قوماندانلارنى ساۋېنھوستىننىڭ روھى بويىچە تەربىيەلەپ، دۇچ كەلگەن ئۇلۇغۋار ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن، بېرلىنغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ خىل ئارزۇسى پۈتۈنلەي يوققا چىقتى، چۈنكى پادىشاھ ھەربىي مەكتەپتەك مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئورۇننى كىلاۋسېۋىزغا ئوخشاش مۇستەقىل پىكىرلىك ئادەملەرگە تاپشۇرۇشنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ياش گېنېرالغا ئەمەلىي ھوقۇق بەرگۈسى كەلمەي، قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب قىلىپ قويىماقچى بولدى. چۈنكى، ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقى نامى بار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەلىي ھوقۇقى يوق مەمۇرىي ۋەزىپە ئىدى، ئىلمىي پائالىيەت ۋە ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىگە تەتقىقات كومىتېتى مەسئۇل بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلالمايتتى.

ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە باشقىلار دەرس ئۆتەتتى. كىلاۋسېۋىز ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئومۇمنىڭ ئىشىنى بېجىرەتتى. بۇ يېڭى ۋەزىپە تولىمۇ مەنىسىز بولۇپ، كىشىنى بەك چەكلەپ قوياتتى. ئۇششاق - چۈشەك ئىشلار ئۇنى بەكمۇ زېرىكتۈردى، ئۇ خىزمەتتە ئەزەلدىن بۇنداق زېرىكىپ باقمىغانىدى. ئۇ دىپلوماتىيە ساھەسىگە كىرىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتكەندىن كېيىن رېئاللىقتا جىددىي قارايدىغان بولغانىدى.

كىلاۋسېۋىز ئىززەت - ھۆرمىتىنى قاتتىق ساقلايتتى، ئۇ ئەزەلدىن نارازىلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ باقمىدى. ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان تېتىقسىز ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ قىلچىلىك ئاغرىنمىدى. ئۇ ناگان - ناگاندا كېچىلىرى زىيارەتكە كەلگەن دوستلارنى كۈتۈۋالغاندىن باشقا چاغلاردا ئادەتتە مارى بىلەن بىللە بولاتتى. ئۇلار بالىغا شۇنچە تەشنا بولسىمۇ، زادىلا بالا يۈزى كۆرمىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ۋاقىتلىرى ئۆتۈپ كەتتى، ئىككى چېكىسىگە ئاق سانجىلدى. لېكىن سەمىمىي مۇھەببەت باشتىن - ئاخىر ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مانا بۇ ئۇلار ھوزۇرلىنىپ تۈگىتەلمەيدىغان مەنىۋى بايلىق ئىدى.

زىمىستان قىش كېچىلىرى كىلاۋسېۋىز مارى بىلەن بىللە ئىللىق ئۆيدە يېقىن ئولتۇرۇپ مۇڭدىشاتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر تۈرلۈك پىلان، يەنى «ئۇلار مېنىڭ دەرس ئۆتۈشۈمنى توسىيالايدۇ، لېكىن ھېچكىم مېنىڭ كىتاب يېزىشىمنى

توسىيالمايدۇ. مەن ئۆز ئىدىيەمنى، ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان بارلىق پىكىرلىرىمنى يېزىپ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشۇم كېرەك» دېگەن پىلان پىشىپ يېتىلگەندى. مارى ئېرىنىڭ بۇ پىلانىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى.

كىلاۋسىيۇس كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ باش چۆكۈرۈپ يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كەتتى. مارى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. نەقىللەرنى ۋە ئارگىناللارنى كۆچۈرۈشۈپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى.

ئىلگىرى ئۇلار ئايرىلىپ تۇرغاندا، ئۇزۇن مۇددەت خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرغانىدى. خەتتە ئۇرۇش، ۋەزىيەت، ھېسسىيات، كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ئىشلار يېزىلغاچقا، مارى روھىي جەھەتتە ئېرى بىلەن بىللە ئاشۇ ئۇرۇشلارغا قاتناشقانىدى. ئىسلاھاتچىلار ئېقىمىدىكى مۇھىم شەخس بارون سىتېيىن مارىنىڭ قەدىناس دوستى ئىدى، گىنېيسناۋمۇ ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىدى، بۇ ھال ئۇنى ئېرىنىڭ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى جەھەتتىكى قابىل ياردەمچىسىگە ئايلاندۇردى.

كىلاۋسىيۇس بىلەن مارى تاڭ سەھەردە خىزمەتكە كىرىشىپ كېتەتتى. سائەت توققۇزلار بولغاندا كىلاۋسىيۇس مارىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئىشخانىسىغا بېرىپ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئاندىن تا سائەت 12 گىچە ئىشلەيتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېھمان كۈتەتتى ياكى سىرتقا چىقىپ مېھمان قوبۇل قىلاتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن داۋاملىق يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

كىلاۋسىيۇسنىڭ ئادىيۇتانتى كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ ئىلگىرى شۇغۇللانغان پائالىيەتلەرنىڭ ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن پەيدا قىلغان چوڭقۇر تەسىرىنى بىلىدىغانلار كۆپ

ئەمەس، كېيىن ئۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئادەمگە ئايلىنىشىنى، كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ پەرەز قىلمىغانىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنى كۆرمىكى ناھايىتى تەس ئىدى، شۇڭا بەزىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن گېنېرالنىڭ يۈزى قىپقىزىل① ئىكەن، بۇرنى سوسۇن رەڭلىك ئىكەن، تاڭ ئېتىشى بىلەن قولىدىن رومكا، ئاغزىدىن ھاراق چۈشمەيدىكەن دېگەندەك تېتىقسىز ئۆسەك سۆزلەرنى توقۇپ چىقىرىشتى، بەزىلەر بۇ سۆزلەرگە ئىشىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە پىكرىنى ئەڭ مۇھىم ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرەتتى.»

كىلاۋسېۋىز تەمكىن، ئېھتىياتچان، شۇنداقلا سەل تارتىنچاق ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزى ئىشەنگەن ئادەم بىلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلىشاتتى، ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرگە پەرۋاسىز قارايتتى. ئۇنىڭ بېرىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئۇنىڭ بىرنەچچە يېقىن دوستىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

قىش كېچىلىرى تولىمۇ ئۇزۇن ۋە زېرىكىشلىك، لېكىن بۇ بىر جۈپ بەختلىك ئەر ـ خوتۇنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنداق ئەمەس. كىلاۋسېۋىز ھەر ئاخشىمى مارىنىڭ ئۆيىدىكى چىرايلىق يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، شام يورۇقىدا كىتاب ۋە خەرىتىلەرنى ئېچىپ قويۇپ يېزىقچىلىق قىلاتتى ياكى ئۆيدە مېڭىپ يۈرۈپ ئېيتىپ بەرسە مارى خاتىرىلەيتتى. ئۇ پات ـ پات دېرىزە ئالدىغا كېلىپ كېچە ئاسمىنىغا قارىغىنىچە خىيالغا چۆكەتتى.

ئۇ ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە 12 يىل ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا ئەسەر يېزىش بىلەن بولدى.

① رۇسىيەدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا كىلاۋسېۋىزنىڭ يۈزى ئۈششۈپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن يۈزى قىزىرىپ قالغان.

دەسلەپتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى مەزمۇنى ئېنىق ۋە ئىخچام ماقالە قىلىپ يېزىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ كۆپ يىللىق پىكىرلىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنتۇپ كېتىدىغان كىچىك بروشيۇرا قىلىپ ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان، كىشىلەر دائىم ئوقۇيدىغان ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھەربىي ئىشلار سەنئىتى جەھەتتە نەزەرىيە بەرپا قىلىش تولىمۇ قىيىن، لېكىن مۇئەييەن ئىدىيەگە، مەزمۇنغا، سىستېمىغا ئىگە ئۇرۇش نەزەرىيەسى كىتابىنى يېزىپ چىقىش تامامەن مۇمكىن، بۇ خىل نەزەرىيەنىڭ ئىلمىيلىكى ئۇرۇش ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتى ئۇستىدە ئىزدىنىپ، ئۇرۇش بىلەن ئۇ تەركىب تاپقان ئامىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىشتە. ئۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان، نەچچە مىڭ قېتىم مۇھاكىمە قىلىنغان، كۆپچىلىك ئاللىقاچان قوبۇل قىلىپ بولغان يۈزەكى نەرسىلەرنى يېزىشنى خالىمايتتى. ئۇ گىنېيسناۋغا ئۆز ئەسىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش نەزەرىيەسى جەھەتتە بىر مەيدان ئىنقىلاب قوزغاش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ كەمتەرلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئەسىرىمنى تېخى نەزەرىيەسى مۇكەممەل بولغان بىر بىنا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت بىنا سېلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ماتېرىيال دېيىشكىلا بولىدۇ.»

ئۇ ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بېرىش ئۈچۈن، 1568 ـــ 1815 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 130 نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشنى سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىدۇ، مۇشۇ ئاساستا، ئۇ ئۇرۇش تارىخى جەھەتتە بىر تۈركۈم

تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئاندىن ئۇ تارقاق ماتېرىياللارنى بىر يەرگە يىغىپ، يېڭى باب - پاراگرافلارنى كىرگۈزۈپ، ئۇنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇش تەپسىلىي بايان قىلىنغان داڭلىق ئەسىرى «ئۇرۇش توغرىسىدا» مانا مۇشۇنداق مەيدانغا كەلگەن.

1830 - يىلى 8 - ئايدا كىلاۋسېۋىز بىرېسلاۋدا تەسىس قىلىنغان 2 - توپچىلار تەپتىش قىسمىنىڭ توپچى ئەسكەرلەر مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەندى. كىلاۋسېۋىز ئەزەلدىن توپچىلار قىسمىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ باقمىغان بولسىمۇ، قىلچە نارازى بولماستىن، بۇيرۇققا بويسۇندى.

شۇنداق قىلىپ كىلاۋسېۋىزغا نىسبەتەن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان يېزىقچىلىق خىزمىتى ۋاقتىنچە توختاپ قالدى. ئۇ بىرېسلاۋغا مېڭىشتىن ئىلگىرى مارىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئارگىناللارنى رەتلىدى. ئۇ 3000 بەتتىن ئاشىدىغان ئىجىر - مىجىر ئارگىناللىنى بىرنەچچە تورگە ئايرىپ، ئوبدان باغلاپ ئاندىن ئۇستىگە:

«ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا»؛ «ئۇرۇش نەزەرىيەسى توغرىسىدا»؛ «ئىستراتېگىيە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»؛ «ئۇرۇش»؛ «ئارمىيە»؛ «مۇداپىئە»؛ «ھۇجۇم» (دەسلەپكى نۇسخا)؛ «ئۇرۇش پىلانى» (دەسلەپكى نۇسخا) دەپ يېزىلغان قەغەزلەرنى چاپلاپ قويدى.

ئۇ يەنە مارىغا مۇنۇلارنى جېكىلىدى: «مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇرۇش بايان قىلىنغان بۇ قوليازمىلارنى بايقىسا خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش ئۇنى ئۇرۇش نەزەرىيەسى بەرپا قىلىشنىڭ ماتېرىيالى قىلىدۇ. بۇ ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسىگە مەن ئانچە رازى ئەمەس. 6 - بۆلۈم تېخى بىر سىناق، كېيىن ئۇ ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىش ۋە باشقىچە بايان قىلىش ئۇسۇلىنى

تېپىش كېرەك... مەن 1 ـ بۆلۈمنىڭ 1 ـ بابىنى پۈتۈن كىتاب ئىچىدىكى بىردىنبىر تاماملانغان باب دەپ قارايمەن.» بۇ كىلاۋسېۋىزنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىگە كۆزى قىيماسلىق ھېسسىياتىدا بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1830 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پولشا خەلقى چارروسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈردى ھەمدە ۋارشاۋانى ئىشغال قىلدى.

پىرۇسسىيە ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭنىڭ تەسىرىنىڭ پىرۇسسىيەدىكى پولەكلەر ئولتۇراقلاشقان رايونغا كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تۆت كورپۇسنى چېگراغا ئەۋەتتى. مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە 70 ياشقا كىرىپ قالغان گىنېسناۋ باش قوماندانلىققا، يېشى 50 تىن ھالقىغان كىلاۋسېۋىز ئىشتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئىككى نەپەر گېرمانىيەلىك مەشھۇر ئىسلاھاتچى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان پولشا خەلقىگە تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ھەم دۆلەتنىڭ تىراگېدىيەسى، ھەم بۇ ئىككىيلەننىڭ تىراگېدىيەسى ئىدى.

كىلاۋسېۋىز ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر رولنى ئېلىپ قالغانلىقىدىن ناھايىتى ئۆكۈندى. چار پادىشاھ ئەۋەتكەن زور قوشۇن پولشا خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرغان مەزگىلدە روسىيەدە خولېرا كېسەللىكى تارقالدى، روسىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى دىبىچمۇ شۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ قازا قىلدى. ئەگەر قاتتىق ئايرىۋېتىش تەدبىرى قوللىنىلمىسا، يۇقۇملۇق كېسەل ناھايىتى تېزلا پىرۇسسىيە تەۋەسىگىمۇ يېتىپ كېلەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېچىدە گىنېسناۋغا خولېرا كېسەللىكى يۇقۇپ، 2 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىلاۋسېۋىز مارىغا بىرنەچچە پارچە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يېقىن دوستىنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق ئېچىنغانلىق ھېسسىياتىنى بىلدۈردى. ئۇ گىنىيسناۋنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

يەتتە ئايلىق ئۇرۇش ئارقىلىق رۇسىيە ئارمىيەسى قوزغىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلدى. خولېرا كېسەللىكى تېخىچە تىزگىنلەنمىگەندى.

شۇ يىلى كارل فون كىلاۋسېۋىز 51 ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىگە ئاق سانجالغانىدى. بىرنەچچە يېقىن دوستى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتتى، ھازىر پەقەت مارىلا قالغانىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر تەسەللى ئىدى. ئۇ مارىغا يازغان خېتىدە تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆزۈمنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىن قاچان ئايرىلغانلىقىمنى، كىشىلەرنىڭ ماڭا قانداق باھا بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيمەن... مېنى تولىمۇ ئازابلايدىغىنى، ئەمدى سىزنىڭ غېمىڭىزنى يېيەلمەسلىكىمدىن ئىبارەت. ئەمما، بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس. سۆيۈملۈك پەرىشتەم، بىر ئۆمۈر ماڭا ياردەم بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت.»

1831 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، باش قوماندانلىق ئىشتابى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن كىلاۋسېۋىز برېسلاۋغا قايتىپ كەلدى. مارى ئۇنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغانىدى.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كىلاۋسېۋىز خولېرا كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملاندى. توققۇز سائەتتىن كېيىن ئۇ مارىنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۇن ـ تىنسىزلا قەدىمىي ھەربىيلەر قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

كارل فون گىربېن تەزىيە نۇتقىدا مۇنداق دەپ يازدى:

«ھەربىيلەر ئىچىدىن تەپەككۇرى ئۇنىڭكىدەك تەرتىپلىك ئادەمنى تېپىش قىيىن. ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار سەنئىتى جەھەتتىكى پىكرى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنىڭ ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى... پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئالىيجاناب خانىمىغا تەسەللى ئاتا قىلغاي، ئۇ ئېرىنىڭ ئەسىرىنى ئەۋلادلارغا ھەدىيە قىلغاي.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 25. ئۆلمەس ئەسەر «ئۇرۇش توغرىسىدا»

كىلاۋسېۋىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مارى ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېرىنىڭ ئەسىرىنى رەتلەش ۋە نەشر قىلىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

يېرىم يىلدىن كېيىن «گېنېرال كارل فون كىلاۋسېۋىزنىڭ ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدىكى ئەسىرى» (10 توم)نىڭ 1 ـ تومى نەشردىن چىقتى، ئۇنىڭ قالغان توملىرى كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن مەتبەئەگە بېرىلدى. «ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن كىتاب ئۇنىڭ ئىچىدىكى I ، II ، III توملار بولۇپ، سەككىز بۆلۈم، 124 بابتىن تەركىب تاپقان، قالغان توملىرى ئاساسەن ئۇرۇش تارىخىغا دائىر تەتقىقات ۋە باھالاردىن ئىبارەت.

«ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن كىتاب كىلاۋسېۋىزنى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەسەر. بۇ ئەسەر كىلاۋسېۋىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئەربابلار قاتارىغا قويۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. ئۇ قايىل قىلارلىق مەنتىقە ۋە تەسىرلىك بايانلار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەسىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئەمەلىي پەلسەپە، دىيالېكتىكىلىق پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

1 ـ بۆلۈم «ئۇرۇش دېگەن نېمە»دە، ئۇرۇش بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنىڭدەك ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى بايان قىلىنغان. كىلاۋسېۋىز كىتابىدا ئالدى بىلەن كىشىلەرگە ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى مۇنداق چۈشەندۇرگەن: «ئۇرۇش ــ سىياسىينىڭ باشقا بىر خىل ۋاستە ئارقىلىق داۋاملىشىشىدىن ئىبارەت.» ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئۇرۇش يالغۇز بىر خىل سىياسىي ھەرىكەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بىر خىل ھەقىقىي سىياسىي قورال، سىياسىي ئالاقىنىڭ داۋاملىشىشى، سىياسىي ئالاقىنىڭ باشقا بىر خىل ۋاستە ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشىدىن ئىبارەت.» «سىياسىي بولسا مېڭە، ئۇرۇش پەقەت بىر ۋاستە، بۇ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ.» كىلاۋسېۋىزنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسلانغاندا، كىشىلەر شۇنى تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ئۇرۇش پىلانى تۈزگەندە، ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي مۇددىئاسى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئىنتايىن زۆرۈر.

كىتابنىڭ 2 ـ بۆلۈمىدە، كىلاۋسېۋىز ئۇرۇش نەزەرىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق بايان قىلغان ھەمدە بىر قىسىم ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئۇرۇش توغرىسىدىكى تۇرلۇك ئۆلۈك بەلگىلىمىلىرىگە رەددىيە بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: «ھەربىي ھەرىكەت ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھەربىي ئىشلار سەنئىتى جەھەتتە ئۆلۈك نەزەرىيە بەرپا قىلىمەن دېيىش ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ. نەزەرىيە شەيئىلەر جەھەتتىكى تەھلىل ۋە ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆلۈك بەلگىلىمە ئەمەس.»

كىلاۋسېۋىز ئىستراتېگىيە نەزەرىيەسىنى بايان قىلغاندا، ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشقا مۇناسىۋەتلىك بەش ئامىلنى، يەنى مەنىۋى ئامىل، ماددىي ئامىل، ماتېماتىكىلىق ئامىل، جۇغراپىيەلىك ئامىل ۋە ئىستاتىستىكىلىق ئامىلنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ ئامىللارنىڭ كۆپىنچىسى ھەربىي ھەرىكەت جەريانىدا ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. كىلاۋسېۋىز ئەينى چاغدا بەزىلەرنىڭ مەنىۋى ئامىلغا سەل قارىغانلىقىدەك خاھىشلارغا قارىتا، ئۇرۇشتا مەنىۋى ئامىلنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: «ماددىي كۈچ بىلەن مەنىۋى كۈچنىڭ رولى تامامەن بىرىككەن بولۇشى كېرەك، ئۇلارنى خۇددى قېتىشمىنى خىمىيەۋى ئۇسۇلدا ئانالىز قىلغاندا ئوخشاش ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەنىۋى كۈچ ئاساسلىقى باش قوماندانىنىڭ ئىقتىدارىنى، ئارمىيەنىڭ ھەربىي ئەخلاقىنى ۋە مىللىي روھىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئارمىيەنىڭ مىللىي روھى بىلەن ئۇرۇشتا چېنىقىشتا مۇھىم رول ئوينىغاندى» دەپ قارايدۇ. ئۇ مەنىۋى ئامىلنى تەكىتلىگەندە ماددىي ئامىلنىڭ مۇھىملىقىغىمۇ سەل قارىمايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: «سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك غەلىبە قىلىشتىكى ئومۇمىي ئامىل، شۇڭا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرغاندا، ئامال بار كۆپرەك قوشۇن ئۇرۇشقا قاتنىشىشى كېرەك، لېكىن سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك غەلىبە قازىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت ئەمەس. بۇنىڭدىن ھەرگىز ئەسكىرىي كۈچ دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچىدىن كۆرۈنەرلىك ئاز بولغان ئەھۋالدا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولمايدۇ.»

كىتابنىڭ 6 ـ ۋە 7 ـ بۆلۈملىرىدە كىلاۋسېۋىز مۇداپىئە بىلەن ھۇجۇمنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىئالېكتىك نۇقتىدىن بايان قىلغان. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «مۇداپىئە بىلەن ھۇجۇم بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدىكى ئىككى مۇھىم ئامىل، ھەرگىزمۇ يالغۇز ـ يالغۇز ئىككى قىسىم ئەمەس.»

كىلاۋسېۋىز نوقۇل ھالدىكى پاسسىپ مۇداپىئە كۆزقارىشىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «مۇداپىئەدىن ئىبارەت بۇ خىل ئۇرۇش قىلىش شەكلى نوقۇل ھالدىكى قالقان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەپچىللىك بىلەن زەربە بېرىش ئۈچۈن تەشكىل قىلىنغان قالقاندىن ئىبارەت. مۇداپىئەدە تۇرۇپ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىگە نىسبەتەن پايدىلىق بولغان ئەسكىرىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى بولۇشى كېرەك، شۇڭا مۇداپىئەدىن باشلىنىپ، ھۇجۇم بىلەن ئاخىرلىشىش ئۇرۇش بېسىپ ئۆتىدىغان تەبىئىي جەرياندىن ئىبارەت. ئۇرۇشتا پەقەت مۇداپىئە ئارقىلىق قازىنىلغان غەلىبىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىپلا، قايتۇرما ھۇجۇم قىلماسلىق تولىمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ.» «مۇداپىئە» دېگەن بۇ بۆلۈمدە كىلاۋسېۋىز يەنە مەخسۇس بىر باب ئېچىپ، خەلقنىڭ قوراللىنىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق ئۇرۇشىنى ئۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل دەپ تونۇش بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئىلگىرىكى سۈنئىي چەكلىمىلەرنىڭ بۇزۇپ تاشلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى»، «خەلق ئۇرۇشىدىن ئىبارەت بۇ ۋاسىتىدىن پايدىلىنىشتا ماھىر دۆلەت خەلق ئۇرۇشىغا سەل قارىغان دۆلەتلەرگە قارىغاندا نىسپىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ».

1836 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مارى فون كىلاۋسېۋىز نېرۋا قىزىتمىسىغا گىرىپتار بولۇپ، دىرېزدىندا ئالەمدىن ئۆتتى. كىشىلەر ئۇنى ئېرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى ھەمدە مەرمەردىن ياسالغان قەبرە تېشىغا لاتىن يېزىقىدا: «ھەسرەتلىك ئۆلۈم مۇھەببەت رىشتىسىنى قانداقمۇ ئۈزۈۋېتەلىسۇن» دېگەن خەتنى ئويۇپ قويۇشتى.

图书在版编目(CIP)数据

克劳塞维茨：维吾尔文 / 伍恩编；阿不都茹甫·艾力译. — 乌鲁木齐：新疆文化出版社，新疆电子音像出版社，2016.4
（世界巨人传记丛书）
ISBN 978-7-5469-8338-7

Ⅰ.①克… Ⅱ.①伍… ②阿… Ⅲ.①克劳塞维茨,K.V.(1780~1831)-传记-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①K835.165.2

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第063579号

**策　　划** 艾尔肯·伊布拉音·湃达
**责任编辑** 迪丽努尔·阿布都热合曼
**美术编辑** 奥敢书业
**责任复审** 吐尔洪·吐尼牙孜
**责任决审** 亚森·吾不力哈斯木
**责任印制** 刘伟煜

丛 书 名　世界巨人传记丛书
书　　名　克劳塞维茨（维吾尔文）
编　　者　伍嗯
译　　者　阿不都茹甫·艾力
出　　版　新疆文化出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号（邮编 830026）
制　　版　新疆奥敢图书发行有限公司
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880mm×1230mm　1/32
印　　张　4.75
版　　次　2016年4月第1版
印　　次　2016年7月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-8338-7
定　　价　20.00元